2021 سىنتەبىر
ئومۇمىي 25-سان

# ئۇيغۇرلار

# The Uyghurs



ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ئېرىك شلۇسېل

23



ئابدۇقادىر داموللا

96



ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

1

2021 سېنتەبىر
ئومۇمىي 25-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىي ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.




باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >

# مۇندەرىجە


## مىسلىسىز ئويغىنىش

ۋاقت باشقۇرۇش ۋە ئۇتۇق

دۇنيا ئەزەلدىن شاھىت
بولۇپ باقمىغان ۋەھىمە 54

## خىتاي تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

خىتاي قانداق چوت
سوقۇۋاتىدۇ؟ 27

## گۈلىستان

شادىمان بالىلارنى
تەربىيىلەشتىكى ئۇسۇللار 59

ئېرىك شلۇسېل

## ھېكمەتلەر

ئەركىنلىك توغرىسىدىكى ئەقلىيە
سۆزلەر 108

## تارىخ ۋە بىز

8-ئەسىردىن 13-ئەسىرگىچە
ياشىغان ئۇيغۇرلاردا مائارىپ 100















## خەلقئارا ۋەزىيەت

ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىن
ئەسكەر چېكىندۇرۇشى تەيۋەن
ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ 66

چاتاق شى جىنپىڭدىمۇ ياكى
ھەممە خىتاي رەھبەرلىرىدىمۇ؟ 89

## ساغلاملىق

. تېرە ساغلاملىقىنى
ئاسراشتىكى زۆرۈر بىلىملەر 46

## كۆچكۈندىكى ئۇيغۇرلار

ئىككىنچى قېتىملىق ئۇيغۇر سوتى
ھەققىدىكى تەسىراتلار 41

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

ھەدىسلەر ھەققىدە 72

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

ئابدۇقادىر داموللام ئېلىپ بارغان
كۈرەشلەر ۋە ئەھمىيىتى 96

ختاي تەتقىقاتى



# ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش

# THE WAR ON THE

# GHURS

## شان روبېرتس



Internal Campaign

a Muslim Minority

# بىرىنچى باب: مۇستەملىكىچىلىك 1759 ـ 2001

(داۋامى)

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

## جۇمھۇرىيەتچى خىتاي دەۋرىدىكى قاتتىق تەقىب ۋە يەرلىك قارشىلىق

1928 ـ يىلى ياڭ زېڭشىننىڭ ئادەملىرىدىن ھېسابلىنىدىغان جىن شۇرېن (金苏仁) شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئورنىغا چىقتى. گەرچە ئۇ ياڭنىڭ نۇرغۇن سىياسەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، بىراق يەرلىك مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى نارازىلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان يوشۇرۇن ئاقىۋەتلەرگە ياڭ زېڭشىندەك زىل مۇئامىلە قىلمىدى. ئۇ ياڭ زېڭشىنغا ئوخشاش بىر گۇرۇپپا ساداقەتمەن خىتاي ئەمەلدارلارنى ئىشقا قويىدى. بىراق، ئۇ ياڭ زېڭشىندىنمۇ بەك دۇنياپەرەس بولۇپ، يەرلىك مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئۈستۈن تەبىقىنىڭ گېلىنى يېتەرلىك دەرىجىدە پۇل ـ مال بىلەن ياغلاپ تۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمىدى.(35) بۇنىڭدىن باشقا، جىن شۇرېن ياڭغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇستەھكەم بىخەتەرلىك ئاپپاراتى قۇرۇپ، خەلقنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان يەرلىك پاسپورت سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى.(36) ئۇ يەنە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن ۋە باقمىچىلىقتىن زور باج مىقداردا ئالدى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈرلىرىگە ياردەم بەردى ۋە شۇ يەردىكى خەلقنىڭ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشىنى چەكلىدى.(37) يەرلىك خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا بۇ خىل دەرىجىدە ئارىلىشىش مۇقەررەر ھالدا جىن شۇرېننىڭ بىر بالايى ـ ئاپەت ئىكەنلىكىنى يەرلىك خەلققە ئىسپاتلاپ بەردى. جىن شۇرېن قىسقىغىنە ھاكىمىيەت دەۋرىدە يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ زور كۆلەمدىكى قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ جىننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشىنىڭ تۇنجى ماھىيەتلىك ھەرىكىتى 1931 ـ يىلى قۇمۇلدا يۈز بەردى. قۇمۇل خانى (قۇمۇل ۋاڭى) ئىمتىيازى چىك سۇلالىسى دەۋرىدىن

تارتىپ، ئاتىدىن بالىغا قېلىش شەكلى بىلەن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، پادىشاھلىق ۋارىسلىق تۈزۈمىدىكى قۇمۇلنىڭ مۇسۇلمان ئاھالىسى نامىدا ئۆز-ئۆزىگە خوجا ئىدى. ياڭ زېڭشىنمۇ بۇ تۈزۈمنىڭ داۋاملىششىغا يول قويغان ئىدى. قۇمۇل مۇسۇلمانلىرى 1912-يىلى ئۆز خانلىرىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا جايلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئەۋزەل ئورۇنغا قوياتتى. چۈنكى ئۇلار خىتاينىڭ ئۆز يېرىگە ئىگىدارچىلىق قىلىۋېلىشىغا چەك قويالايتى.(38) ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرخان قۇمۇل خانى 1930-يىلى ۋاپات بولغان كېيىن، جىن شۇرېن قۇمۇل خانلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ زېمىنىنى تېخىمۇ كونترول قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. لېكىن، قازا قىلغان خاننىڭ ئوغلى ۋە ۋارىسى ئۇنىڭ خان ئوردىسىدىكى بىر قانچە مۇھىم شەخسنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بۇ قارارغا قارشى چىقىپ، رايوندا كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

جىن شۇرېن بۇ قوزغىلاڭنى تېز ۋە شىددەت بىلەن باستۇرۇشقا ئۇرۇنغان ۋاقىتتا، قوزغىلاڭچىلار ھەر قايسى جايلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈردى. 1932-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قوزغىلاڭ قۇمۇلدىن ھالقىپ كەتتى. «شىنجاڭ»نىڭ ھەممىلا يېرى تەۋرەپ كەتتى.(39) جىن شۇرېن بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مانجۇرىيەدە ئۇرۇش قىلغان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق بۇ رايونغا كەلگەن كونا ئەسكەرلەردىن ھەربىي ياردەم قوبۇل قىلدى. جىننى قوللايدىغان بۇ يېڭى ئارمىيەنىڭ بېشىدا شېڭ شىسەي بار بولۇپ، ئۇ قارا نىيەت سىياسىي غايىگە ئىگە رەھىمسىز جەڭچى ئىدى. شېڭ مۇسۇلمان قوزغىلاڭچىلارغا قارشى تۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلدى. شېڭ شىسەي يەنە جىن شۇرېنغا قارشى سىياسىي ئۆزگىرىش پىلانلاپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە «شىنجاڭ»نىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئاقىۋەتتە بۇ رايوننىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

شېڭ شىسەي ئەمەلىي ھوقۇقنى قولغا چۈشۈرگەندە، يەرلىك مۇسۇلمانلار توپى ھەر قايسى يەرلەردە ئوچۇق-ئاشكارە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈۋاتقان بىر رايونغا مىراسخورلۇق قىلدۇ. نەتىجىدە ئۇ قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭنى باش تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ بىرى بولغان خوجا نىياز ھاجى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، شەرقىي تۈركىستاننى جەنۇبىتكى مۇسۇلمانلار رەھبەرلىكىدىكى ھۆكۈمەت بىلەن شىمالدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ئىبارەت ئىككىگە ئايرىدى.(40) بۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدا 1933-يىلى تۇنجى قېتىم شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يول ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى ھەممىشە بىرىنچى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىي دۆلىتىنىڭ ئەسلى ئۆرنىكى دەپ تەسۋىرلىسىمۇ، تارىخچى داۋىد بروفى (David Brophy) بۇ چۈشەنچىگە جەڭ ئېلان قىلدى.(41) بىرىنچى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇغۇلغان ئۇيغۇر مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، نەتىجىدە بۇ دۆلەت ئاھالىسىنىڭ مۇسۇلمان تۈركلەردەك ئورتاق

كىملىكى ئۆستىگە قۇرۇلغان. ئەمما، باشقا تەتقىقاتلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك، بۇ دۆلەتنى نوقۇل ھالدا دىنىي دۆلەت دەپ سۈپەتلەشمۇ ئوخشاشلا خاتالىقتۇر.(42) ئەكسىچە، بۇ دۆلەتنى شەكىللەندۈرگەن سىياسىي ھەرىكەت ئۆز دەۋرىدە بازار تاپقان تۈرلۈك ئالاھىدىلىكتىكى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىدىئولوگىيىسىدىن ئىلھام ئالغان كۆپلىگەن يەرلىك زىيالىيلارنى توپلىدى. بۇ زىيالىيلارنىڭ ئارىسىدا جەدىدىزم ھەرىكىتىدىن ئىلھام ئالغان مۇسۇلمان ۋەتەنپەرۋەرلەر، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى لېنىنىزىمچى ھۆرلۈك تەشەببۇسچىلىرى ۋە ئىسلام ئەسلىيەتچىلىرى قاتارلىق ھەر خىل ئېقىمدىكى كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلارنى بىرلەشتۈرگەن نەرسە خىتاينىڭ ۋەتىنىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى يوقىتىش ۋە ئۆزىگە ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسى ئىدى. بۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ (سابىت داموللام باشچىلىقىدىكى) كۈچ خوتەندىن كەلگەن دىننى ئاساس قىلغان ئىنقىلابچىلاردا كۆرۈنەرلىك بولدى، ئۇلار خەنزۇ ئاھالىلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، خىتاي تىلىنى ئىشلىتىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ۋە خىتايچە يەر ناملىرىنى يەرلىك تۈركىي تىلغا ئۆزگەرتىشكە چاقىرىق قىلدى.(43)

بىرىنچى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆمرى ناھايىتى قىسقا بولغان بولۇپ، سىرتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى. ئاخىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەي ئارمىيىسىنىڭ ئۆلكە پايتەختى ئۈرۈمچىنى ئالماقچى بولغان تۇڭگانلارنى مەغلۇب قىلىشىغا ياردەم بەردى. بۇ ۋەقە تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبقا يۆرۈش قىلىپ، قەشقەرنى ئاساس قىلغان يەنىلا ئاجىز ھالەتتىكى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى يوقىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى 1934 ـ يىلى مارتقىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى.(44) شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەيدانغا چىقىدىغان يۈكسىلىشلەردە تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى جۇمھۇرىيەتچى خىتاي ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي تەرەققىياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاندىن سىرت، بۇ دۆلەت يېقىنقى يىللاردىكى دىندار مىللەتپەرۋەر ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخنى خاتىرىلىشىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلدى. شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى مۇشۇ رولى سەۋەبلىك شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتقۇزۇش بىلەنلا قالماي، بۇ زېمىننى كاپىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىن قۇتقۇزۇش تىرىشچانلىقىغىمۇ ۋەكىللىك قىلىپ كەلدى.

### شېڭ شىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى سوۋېتلەشتۈرۈشى

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن، شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ۋالىيسى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھىمايىچى قىلىپ تاللىغۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. گەرچە شېڭ شىسەي نامدا نەنجىڭدىكى مىللەتچى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ موسكۋاغا ۋە ئۆزى ئەزا بولغان سوۋېت كومپارتىيىسىگە تېخىمۇ سادىق بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ.(45) تارىم ئويمانلىقىنىڭ كۆپ قىسمى دەسلىۋىدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ۋە نەنجىڭغا سادىق بولغان تۇڭگان قوشۇنلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا بولغان بولسىمۇ، شېڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىمايىسىدىن پايدىلىنىپ شىمالدا كۈچلۈك ئۆلكە قۇردى ۋە ئاخىرىدا 1937-يىلى تارىم ئويمانلىقىنى قايتا كونترول قىلدى.

شېڭ دەسلەپتە، بۇ رايوندىكى يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ نارازىلىقىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ لېنىنىزم ئىدىيىسىدىكى ئىمپېرىيالىزمغا قارشى ئۇيغۇرلارغا قارىتا سۇلھىلىشىش سىياسىتىنى بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى.(46) يېڭى سىياسەتلەر يەرلىك مۇسۇلمانلار ئۆز ئارزۇلىرى بويىچە ياشىشىغا ھەمدە بولشېۋىك ئىنقىلابىدىن كېيىنكى سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيادىكىگە ئوخشاش سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مەيدان ھازىرلىدى. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى ئارقىلىق شېڭ شىسەينى نۇرغۇن ياردەم بىلەن تەمىنلىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مىللىي ئۇيغۇرلار ئىدى، ھەمدە سوۋېتپەرەس يەرلىك ئۇيغۇرلارنى شېڭ ھۆكۈمىتىگە كىرگۈزۈشنى ئىلگىرى سۈردى.(47) بۇنىڭدىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستاندىن 30 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇرنى ئوقۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلارغا سوۋېت ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا بولۇپمۇ سوۋېتنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە ئالاقىدار ماركسىزم-لېنىنىزم ئىدىئولوگىيىسى سىڭدۈرۈلەتتى.(48)

شېڭ شىسەي بۇ خىل ياردەملەر ئاستىدا سوۋېتنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى كۆپ مىللەتلىك دۆلەتكە ئوخشايدىغان بىر تۈزۈلمىنى بەرپا قىلدى. ئۇ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى خوجا نىيازنى ئۆز ئىچىگە رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرگە ئۆز ھۆكۈمىتىدىن مەنسەپ بەردى. بۇ ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كورېنىزاتسىيا (يەرلىكلەشتۈرۈش) سىياسىتىدىن ئۆلگە ئالغان يەرلىرى ئىدى.(49) شەرقىي تۈركىستاندىكى سوۋېتقا تەۋە ئۇيغۇر مەسلىھەتچىلەر «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى قوللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، 1935-يىلى شېڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بۇ رايوننىڭ تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئەڭ كۆپ نوپۇسنىڭ مىللەت نامى سۈپىتىدە رەسمىي ئېتىراپ قىلىنىشىغا مۇيەسسەر بولدى.(50) ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ رەسمىي ئېتىراپ قىلىنىشى نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە بارلىققا كەلدى. سوۋېت ئۇيغۇر قوللىغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بۇ مىللەتنىڭ تارىخى ۋە ئەدەبىياتىغا قىسقىغىنە بولسىمۇ تەرەققىيات ئېلىپ كەلدى. شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

ئەگەر بۇ سۈلھچىلىك سىياسىتى، يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ، بولۇپمۇ سوۋېتپەرەس ئۇيغۇر قوللىغۇچىلىرىنىڭ كۆپلەپ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن بولسا، شېڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆرنەك ئالغان باشقا سىياسەتلىرى، مەسىلەن ئۇنىڭ مەخپىي ساقچىلارنى كۈچەيتىشى قاتارلىقلار قارشى ئېلىنمىغان بولاتتى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شېڭ شىسەي ئۆزىدىن ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلغان خىتايلارغا قارىغاندا قارشى پىكىردىكىلەرنى باستۇرۇشتا تېخىمۇ بەك ئاكتىپ بولدى. شېڭ شىسەي ئىشقا سالغان بىخەتەرلىك ئورگىنى ستالىننىڭ سېسىق نامى پۇركەتكەن مەخپىي ساقچى تەشكىلاتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بار بولۇپ، بۇ تەشكىلات زەربە خاراكتېرلىك سىياسەتلەرنى يۈرگۈزەتتى.

ئۇيغۇر دىندارلىرىنىڭ مىللەتپەرۋەرلىكىنىڭ كۈچىيىشىدىن شېڭ شىسەي يېڭى ئىنقىلابنىڭ پارتىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ ئەنسىرەيتتى. قەشقەردە دىنىي مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى سەزگەن شېڭ شىسەي ئۇنى باستۇرۇشقا ئورۇنۇپ، يەرلىك ئۇيغۇر باشچىلىرىنى تازىلاپ يوقاتتى. يەرلىك گېزىتلەرنى كونترول قىلدى. يەرلىك مەكتەپلەرگە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارنى قويۇشنىڭ ئېپىنى قىلدى.(51) بۇ خىلدىكى قاتتىق سىياسەتلەر ۋە يەرلىك سەرخىللارنى تازىلاپ يوقىتىش 1937-يىلى قەشقەر ۋە خوتەندە يېڭى قوزغىلاڭغا سەۋەب بولدى. بۇ قوزغىلاڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى لىدېرلىرىنىڭ قالدۇقلىرى تەرىپىدىن پىلانلانغان ئىدى.(52) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر ۋە ھاۋا ياردىمى ئاستىدا، بۇ قوزغىلاڭنى تېزدىنلا بىتچىت قىلغان شېڭ شىسەي پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە ئۆز ھۆكۈمىتىدىكى ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا مىللەتپەرۋەر ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىش ھەرىكىتى قوزغىدى. شېڭ شىسەينىڭ بۇ ھەرىكىتى ستالىننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى سىياسىي تازىلىشىغا توغرا كەلدى ۋە ستالىننىڭ ئۇسۇلىنى قوللاندى. شېڭ شىسەي شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنى زور كۆلەمدە قىرغىن قىلىشقا باشلىدى.(53) ئۇيغۇرنىڭ سەرخىللىرىنى ۋە زىيالىيلىرىنى ئاساسەن دېگۈدەك ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى ۋە تامامەن يېڭىچە ۋە ئۆزگىچە ئىتتىنمۇ سادىق يەرلىك زىيالىي ۋە ئەمەلدارلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى.(54)

1937-ۋە 1938-يىللىرىدىكى تازىلاشتىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شېڭغا بولغان تەسىرى داۋاملىق كۈچەيگەن، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، شېڭ ھەتتا 1941-يىلى ستالىنغا ئۇيغۇر رايونىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇۋېلىشنى تەشەببۇس قىلغان.(55) ئەمما، بىر يىلدىن كېيىن شېڭ شىسەي خوجايىنى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتقان سىياسىتىدە كەسكىن ئۆزگىرىش ئېلىپ بارغان. 1942-يىلى، شېڭ بۇ رايوندىكى يۈزگە يېقىن داڭلىق كوممۇنىست ۋە سوۋېتپەرەسلەرنى قولغا ئېلىشقا بۇيرۇغان ۋە ئۇلارنى بۇ رايوننى ئىگىلەش ۋە ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇتۇپ بېرىش سۈيىقەستى پىلانلىغان دەپ قارىلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر رايونىدىكى سوۋېت

ئىتتىپاقى مەدەنىيەت جەمئىيىتى ۋە ئىنستىتۇتلىرى تاقىلىپ قالغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ۋە ئىشچىلىرى بىلەن بىللە ئىشلىگەن ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان مىڭلىغان يەرلىك ئاھالە بۇ سىيىقەست بىلەن ئالاقىسى بار دەپ قولغا ئېلىنغان.(57)

شۇنداق قىلىپ، ئاز ۋاقىت ئاۋۋال سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كۈچلەر دەپ شېڭنىڭ تازىلىشىنى باشتىن كەچۈرگەن ئۇيغۇرلار ئەمدىلىكتە سوۋېتپەرەس كۈچلەر دەپ قارىلىنىپ باستۇرۇلغان. نەتىجىدە، يەرلىك مۇسۇلمانلاردا شېڭغا قارشى كەيپىيات شەكىللەنگەن. شېڭنىڭ خىيانەت قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقى يەرلىك مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى بۇ نارازىلىقنى شېڭنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ پۇرسىتىنى دەپ قارىغان. رۇسىيەلىك ئالىم ۋالېري بارمىننىڭ (Valery Barmin) سۆزىگە قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسى بيۇروسى 1943 ـ يىلى بۇ مەقسەتتە چېگرا ھالقىغان ئۇيغۇر قارشىلىق ھەرىكىتىنى قوزغاشنى مۇزاكىرە قىلغان.(58) ھالبۇكى، خوجايىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرىگەن شېڭ شىسەينىڭ كۈچى ئالىلقاچان كۆرۈنەرلىك ئاجىزلاپ كەتكەن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جازاسىغا دۇچ كېلىدىغان شەرقىي تۈركىستاندا ئۇزۇن تۇرۇشنى ئويلىمىغان. 1944 ـ يىلى ھوقۇقتىن ئېلىپ تاشلىنىپ، خىتايدا دۆلەت دەرىجىلىك ئورۇنغا ئېرىشكەن.

گەرچە شېڭ ھازىر يوقالغان بولسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى خىتاي دۆلىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى كونترول قىلىشىنىڭ ئۈلىنى كولاش پىلانىنى داۋاملاشتۇردى.

1943 ـ ، 1944 ـ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى قوزغىلاڭ پەيدا قىلىش مەقسىتىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ باردى.(59) بۇ جەرياندا، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدىغان، ئۆز چېگرىسىغا قوشنا بولغان غۇلجا رايونىدا پىلانلانغان قوزغىلاڭنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇلارنى قورال ياراق ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى.

## ئىككىنچى قېتىملىق شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە ھازىرقى خىتايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشنىڭ يۇقىرى پەللىسى

1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى ئۈچ رايوندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. بۇ رايون 1870 ـ يىللاردا قىسقا ۋاقىت سوۋېت ئېمپېرىيىسىنىڭ

كونتروللۇقى ئاستىدا تۇرغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورالىلىرى بىلەن قوراللانغان، سوۋېت مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلغان بۇ قوزغىلاڭچىلار 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى غۇلجا شەھرىگە كىرىدۇ. 1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غۇلجا شەھرىدە ئىككىنچى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلايدۇ.(60) بۇ يېڭى مۇستەقىل دۆلەتنىڭ ئۇيغۇرلارغا تەۋە ھەممە زېمىننى قولغا ئېلىش ئارزۇسى باردەك كۆرۈنەتتى. بۇ دۆلەتنىڭ ئارمىيىسى 1945 ـ پۈتۈن يىل خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، شۇ يىلى 9 ـ ئايغىچە ئۈلكە مەركىزى بولمىش ئۈرۈمچىنى قولغا ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا تەھدىت شەكىللەندۈرىدۇ.(61) دەل مۇشۇ پەيتتە مەزكۇر ئىنقىلابنىڭ ھېسابلانغان سوۋېت ئىتتىپاقىلىق خوجايىنلىرى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىلگىرلىشىنى توختىتىدۇ ۋە قوزغىلاڭچىلار بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ قېتىملىق تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ نەتىجىسىدە گومىنداڭ ئۇيغۇر رايونىدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشقا قوشۇلىدۇ. بۇ بىرلەشمە ھۆكۈمەت شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلارغا غۇلجا رايونىنىڭ ئەمەلىي كونتروللۇقى بۆلۈپ بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى قېتىملىق شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى 1940 ـ يىلنىڭ كېيىنكى بۆلىكىدە ئەمەلىي رەۋىشتىكى ئاپتونومىيىلىك ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ دۆلەت زامانىۋى دۆلەتچىلىكنىڭ سىمۋوللىرىنى بەرپا قىلىشتا 1930 ـ يىللاردىكى ئەجدادلىرىدىنمۇ بەكرەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە گېزىت ـ ژۇرناللارنى ۋە دەرسلىك كىتابلارنى نەشر قىلىپ چىقىرىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئۆز ئالدىغا پۇل باستۇرۇپ تارقاتقان، مۇنتىزىم ئارمىيەگە، ئۆزىگە خاس مەكتەپ سىستېمىسىغا ئىگە بولغان. يەنە تېخى ئۆزىنىڭ دۆلەت بايرىقى ۋە دۆلەت مارشى بار ئىدى. (62) بۇ يېرىم ئاپتونومىيىلىك دۆلەتمۇ بىرىنچى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئوخشاشلا روشەن رەۋىشتە كۆپ مىللەتلىك بىرلىك شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار شۇ دەۋردىن بۇيان بۇ دۆلەتنى سېكيۇلارىزمنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر مىللىي دۆلىتىنىڭ نامايەندىسى دەپ قاراپ كەلمەكتە، ئۇنىڭ ئۇيغۇر رەھبەرلىرىگە بولسا ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر قەھرىمانلىرىنىڭ سەركىسى سۈپىتىدە ھۆرمەتلەپ كەلمەكتە.

گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى داۋاملىق ياردەم بېرىپ، ئىككىنچى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئىدىئولوگىيىسىنى كونترول قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورچاق دۆلىتى دەپ قارىۋېلىش توغرا بولمايدۇ. ئىككىنچى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ نۇرغۇنلىغان يەرلىك ئۇيغۇر قوللىغۇچىلىرى مەزكۇر جۇمھۇرىيەتنى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى مىللىي ئازادلىق

ھەرىكـىتـىنـىڭ تۈنـجى قەدىمـى دەپ قـارىدى. شەرقـىي تۈركـىسـتان جۇمھۇرىيـىتـى رەھبەرلـىكـى سـوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشتىن بەكرەك، دائىملا يەرلىك خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا مايىللىق كۆرسەتتى. مەزكۇر ئاپتونومىيىلىك دۆلەتتە ئاخبارات ۋاستىلىرى دائىم سوۋېت سوتسىيالىزمىغا مۇناسىۋەتلىك تېمىلارغا مەركەزلەشتى، ئەمما مەزكۇر ۋاسـتىلەر 1920 ـ يىللاردىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا قارشى ئېلىنمايدىغان تېمىلار ھېسابلانغان ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىلىقمۇ كۆچ قاتتى.(63)

گـومـىنـداڭ بەلـكىم شەرقـىي تۈركـىستان جۇمھۇرىيـىتـىنىڭ يەرلـىك مۇسۇلـمانـلارنى سەپەرۋەر قـىلـىش كۈچىنى ئېتىراپ قىلغانلىقتىن بولسا كېرەك، شەرقىي تۈركىستاندىكى يېڭى بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە يەرلىك مۇسۇلـمانـلارغـىمۇ ھوقۇق تۇتقۇزدى. بـولۇپمۇ، گـومـىنـداڭ ئۆزىگە مـايـىل ئۈچ كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر زىيالـىيسى ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن، مۇھەمـمەد ئـىمـىن بۇغرا ۋە مەسئۇد سابىرى قـاتـارلـىقلارغا بـىرلەشمە ھۆكۈمەتـتە مۇھىم ئـورۇنـلارغا ئـولتۇرغۇزدى.(64) بۇنـىڭدىن بـاشـقا، گـومـىنـداڭنىڭ يېڭى بـىرلەشـمە ھۆكۈمىتىنىڭ بىرىنچى قول ۋالىيسى جاڭ جىجوڭ بۇ رايوندا يەرلىك سايلام كېڭەشلىرىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلىنى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردە خىتاي تىلى بىلەن ياندۇ ـ يان ئىشلىتىشنى بەلگىلىدى.(65)

نۇرغۇن جەھەتـتىن ئېيتقانـدا، 1945 ـ يـىلـىدىن 1949 ـ يـىلـغىچە مەۋجۇت بـولۇپ تۇرغـان «شـىنـجاڭ بـىرلەشمە ھۆكۈمىتى» شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا يېڭى زامانـدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھۆكۈمەتلەر ئىچىدە تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئەڭ ئۇتۇقلۇق ھۆكۈمەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ھۆكۈمەت يېڭى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە خاتىمە بېرىلىدىغان كەلگۈسى ئۈچۈن يۈكسەك ئۈمىد بېغىشلىدى. ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتـىنـىنىڭ ئـىدارە قـىلـىنـىشـىغا يېقىنـدىن قاتنىشىدىغان بولۇشقا باشلىدى ۋە ھۆكۈمران خىتاي تەبىقىسى بىلەن ماھىيەت جەھەتتە ئوخشاش دەرىجىلىك پۇقرا دەپ ئېتىراپ قىلىندى. ئۇيغۇر سىياسەتچىلىرى ئارىسىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشى ياكى يۈكسەك ئاپتونومىيەگە ئېرىشىشى توغرىسىدا ئاشكارا مۇنازىرىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى.(66) بۇ خىل يۇمشاق سىياسەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە 1947 ـ يىلى جاڭ جىجوڭ «شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى»نىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، يۇقىرىدا نامى كەچكەن ئۈچ داڭلىق گومىنداڭچى ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىدىن مەسئۇد سابىرى ئۇنىڭ ئورنىغا چىقتى. مەسئۇد سابىرىنىڭ قىسقىغىنە رەھبەرلىكى جەريانىدا باشقا ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن كۆپلەپ يەر ئېلىشقا باشلىدى. ئالاقە جەريانىدا، «شىنجاڭ» ئاتالغۇسىنىڭ ئورنىغا «تۈركىستان» ئاتالغۇسى بارغانچە كۆپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. ئۇيغۇر تىلىدىكى مائارىپ كېڭىيىپ، مائارىپ دەرسلىكلىرىگە تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى ئوقۇتۇشى قوشۇلدى. شۇنداقلا، ھاكىمىيەتتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ رولى تېخىمۇ بەك كۈچەيتىلدى.(67) بىراق، شېڭ شىسەي دەۋرىدە يۈز بەرگەن قىسقا مۇددەتلىك

يۇمشاشقا ئۇخشاشلا، يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ مەسئۇد سابىرى زامانىسىدىكى ھوقۇقنى قولغا ئېلىشىمۇ قىسقا مەزگىللىك بولدى ۋە قويرۇقنى قۇم باستى.

1949-يىلى 1-ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى (CCP) بېيجىڭنى كونترول قىلىۋالغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى گومىنداڭ رەھبەرلىك قاتلىمى ئۆزىنىڭ ساناقلىقلا كۈنى قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. نەتىجىدە، ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن ۋە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا كەشمىر ئارقىلىق چەتئەلگە قېچىپ، ئاخىرىدا تۈركىيەدە پاناھلىق تىلىدى. ئۇلار تۈركىيەدە سەرگەردانلىقتىكى ئۇيغۇر مىللەتچىلىك ھەرىكىتىگە باشچىلىق قىلدى.(68) 1949-يىلى ئاۋغۇستتا موسكۋا ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكى ئوتتۇرىسىدىكى يىغىننىڭ ئۇيۇشتۇرغۇچىسى بولۇشقا ياردەملەشتى. مەزكۇر يىغىندا شەرقىي تۈركىستان ئارمىيىسى ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كىرىشىگە ياردەم بېرىدىغان بولۇپ كېلىشىلدى. شۇنداقلا، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزىي رەھبەرلىك قاتلىمى ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ختاي خەلق سىياسىي بيۇروسىنىڭ بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان تۇنجى قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىشى تەكلىپ قىلىندى.(69) ئېيتىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بەش مۇھىم ئەمەلدارى 1949-يىلى 27-ئاۋغۇستتا بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن قازاقىستان ئارقىلىق بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىققاندا، سىبىرىيە ھاۋا بوشلۇقىدا ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ ۋاپات تاپتى.(70) ئارقىدىن، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تارقىتىۋېتىلدى. گومىنداڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بىرلەشمە ھۆكۈمىتىدىكىگە ئوخشاش، ختاي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شەرقىي تۈركىستاندا ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئورناتتى. گومىنداڭ شەرقىي تۈركىستاندا قۇرغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە تەۋە يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە يەرلىك ئەمەلدارلار ختاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ساداقەت كۆرسىتىش، ۋەتىنىنى تاشلاپ چەتئەلگە چىقىپ كېتىش ياكى ھېساپ-كىتابقا ئۇچراش، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇش تاللىشى ئارىسىدا قالدى. كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتكە قارشى ھالدا شەرقىي تۈركىستاندا قېلىپ قالغان مەسئۇد سابىرى 1951-يىلى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى.

## ختاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ساختا مىللىي ئاپتونومىيە ۋەدىسى، 1949 ~ 1980 ـ يىللار

1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، ئۇيغۇر رايونىدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى ختاي كومپارتىيەسىگە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، «ختاي ئازادلىق ئارمىيەسى»نىڭ بىرىنچى دالا ئارمىيىسى بۇ رايونغا ئاسانلا كىرىپ، يىل ئاخىرىغىچە بۇ يەردە كوممۇنىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەشتە يېتەكچى رول ئوينىدى. كوممۇنىستلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەسلەپكى يىللاردا، «ختاي ئازادلىق ئارمىيەسى» گومىنداڭ دەۋرىدىكىگە ئوخشاشلا ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرا مۇستەملىكىسىلىك ھالىتىنى ساقلاپ كەلگەن مەزكۇر رايوندا ئىشغالىيەتچىلىك رولىنى ئوينىدى. ھالبۇكى، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتۈشى ختاينىڭ سىياسىي گەۋدىسى ۋە جەمئىيىتىگە نىسبەتەن تۈپتىن پەرقلىق مەيدانغا ۋەكىللىك قىلدى ۋە ئۇيغۇر رايونىنىڭ چېگرا مۇستەملىكىسىلىك سالاھىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. ماۋ زېدوڭ ئىدىيەسى جەمئىيەتتىكى پەرقنى يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلدى ۋە بۇمۇ جاھانگىرلىككە قارشى تۈرغانلىق دەپ قارالدى. نەتىجىدە، دەسلەپتە ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى» دەپ تونۇلغان سوۋېتچە مۇستەملىكىسىزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇيغۇر ۋەتىنىنى ختاي كوممۇنىست دۆلىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى سۈپىتىدە قوشۇۋېلىشقا ئۇرۇندى. بۇ ئۇيغۇر رايونىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن گومىنداڭ ئارىسىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى خاراكتېرلەندۈرگەن ماداراچىلىق سىياسىتىنى قىسمەن داۋاملاشتۇرۇپ، رايوندىكى مۇستەملىكىدىن كېيىنكى يېڭى رېئاللىققا نىسبەتەن ئۈمىد تۇغدۇردى. ھالبۇكى، ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى 1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا بۇ رايوندا تېخىمۇ ئېغىر ئاسسىمىلياتسىيە سىياسەتلىرىنى قوللانغانلىقى، شۇنداقلا بۇ تەدبىرلەر 1960 ـ ۋە 1970 ـ يىللاردا تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئۈمىدلەر كۆپۈككە ئايلاندى.

## دەسلەپكى ماداراچىلىق ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولى

سوۋېت ئىتتىپاقى دەسلەپكى مەزگىلدىكى بۇ ماداراچىلىق سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىدا موھىم رول ئوينىدى، بولۇپمۇ 1950 ـ يىلى «ختاي ـ سوۋېت ئىتتىپاقى دوستلۇق، ئىتتىپاقداشلىق ۋە ئۆزئارا ياردەم

بىرىش كېلىشىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، سوۋېتنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. بۇ كېلىشىمدە سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى ۋە سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئۇيغۇر رايونىغا قايتىپ كېلىشىگە، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا داۋاملىق مائارىپ تەربىيەسى ئېلىشىغا يول قويۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ مەزگىلدە مەزكۇر رايونغا قول تىقىشى بەلكىم نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنى ۋە خىتاي بولمىغان باشقا يەرلىك كىشىلەرنى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سابىق ئەمەلدارلىرىنى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رايوننى دەسلەپكى قەدەمدە باشقۇرۇشىدا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىشىغا تەكلىپ قىلىش قارارىغا تۈرتكە بولغان بولۇشى مۇمكىن. 1949 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ يەنىلا رايون نوپۇسىنىڭ 75 پىرسەنتىنى، خىتايلارنىڭ بولسا ئارانلا ئالتە پىرسەنتىنى (ئەمەلىيەتتە مۇشۇ نىسبەتمۇ ئىنتايىن گۇمانلىق، ت) تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ نوپۇس قۇرۇلمىسى نۇقتىسىدىنمۇ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى (71). نۇرغۇن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ رايوننى ئىدارە قىلىشتا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىشىغا ئەگىشىپ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۇيغۇر تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان دۆلەت مەكتەپلىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلار قۇرۇلدى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشرىياتچىلىقنىڭ كۆلىمى كېڭەيدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىگە بەرگەن تەكلىپى بەلكىم خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا «سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى»نىڭكىگە بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان مىللىي ئاپتونومىيە رايونلىرىنى قۇرۇشتا ھالقىلىق رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ 1955 - يىلى ئۇيغۇر رايونىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» (XUAR) نىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى (72). «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نىڭ تەسىس قىلىنىشى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ رايونغا بولغان باغلىنىشى ۋە بۇ يەردىكى تارىخىي رولىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىگە نەزىرىيە جەھەتتە بېرىلگەن مۇستەقىللىق ئىمكانىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بېرىلىش مۇمكىنچىلىكىنى تامامەن يوققا چىقاردى. ھالبۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئەگەر ئۆزلىرى خالىسا ئاساسىي قانۇن بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئايرىلىش ھوقۇقى بار ئىدى. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» ۋە باشقا ئاپتونوم رايونلارغا ئەزەلدىن بۇنداق ھوقۇق بېرىلمەستىن، ئەكسىچە پەقەت «نەزەرىيەۋى ئاپتونومىيە» بېرىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، خىتاي ئاساسىي قانۇنىدا (مەزكۇر ئاپتونوم رايونلارغا) خىتايدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇش ھوقۇقى بېرىلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە بۇ دۆلەتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن ئېغىر خەۋپ دەپ ئەيىبلەنگەن. بۇ ئەيىبلەش (خىتاينىڭ) «ئىككى بىسلىق گەپ قىلىش» ھۈنىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇ خىتايدىكى مۇستەملىكىچىلىككە قارشى بارلىق ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە «جاھانگىرلىككە مايىل» دەپ قالپاق كىيگۈزگەن. 1951 - يىلى مەلۇم بىر دۆلەت گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ئوبزوردا شۇنداق دېيىلگەن: «بۇ نۇقتىدا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، مۇستەقىل

بولۇشنى نىشان قىلغان ھەر قانداق مىللىي ھەرىكەت ئەكسىئىنقىلابىيدۇر، چۈنكى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ (خىتايدىكى) ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سېلىپ، جاھانگىرلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ» (73).

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ رايوندا سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەت ئورنىتىش ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى 1940 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ بەزى ماداراچىلىق سىياسەتلىرىنىڭ داۋاملىشىشىغا تۈرتكە بولغان بولىسمۇ، ئەمما ئۇ (خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىشغالىيىتىدىن كېيىنكى) دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىشتىمۇ رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. رىيان سام (Rian Thum) غا كۆرە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى مەزكۇر رايوندىكى دىنىي ئورگانلارنى ۋەيران قىلىش، ئەنئەنىۋى مۇسۇلمان سوت مەھكىمىلىرى («مەھكىمەئى شەرئىي»)نى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، دىنىي خادىملارنى دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى سىستېمىغا بويسۇندۇرۇش، شۇنداقلا پۈتۈن رايوندىكى مەسچىت، مەدرىس ۋە مازارلارنىڭ چىقىملىرىنى قامداشقا ئىشلىتىلىپ كەلگەن ۋەخپە يەرلەرنى قايتىدىن تەقسىم قىلىش ئۈچۈن تېزدىن ھەرىكەتكە ئۆتۈشتە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلغان بولۇشى مۇمكىن (74). ئەمما، بۇ رادىكال تەدبىرلەرنىڭ ئىلگىرى يەر ئىجارە ئېلىپ تېرىيدىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا يەر بۆلۈپ بەرگەن يەر ئىسلاھاتى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئىجرا قىلىنغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، يەرلىك ئاما بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ئانچە بەك قارشى تۇرۇپ كەتمىگەندەك قىلىدۇ.

## مادارىچىلىقنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىختىلاپلىشىشى

مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مادارىچىلىق پوزىتسىيەسى 1955 ـ يىلى ئاپتونومىيە ئېلان قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاخىرلىشىشقا باشلىغان. بۇ ۋاقىتتا، ماۋ زېدوڭ بىلەن خرۇشوف ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ رايوندىكى تەسىرى ئاجىزلاشقا باشلىغان. نەتىجىدە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەسىرىنى تېزلىكتە سۇسلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، 1957 ـ يىلىغا كەلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىتاب ـ ژۇرناللارنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتاب ـ ژۇرناللارنىمۇ كىرگۈزۈشنى پۈتۈنلەي توختاتقان (75). بۇنىڭدىن سىرت، ئۇيغۇر يېزىقى ئۈچۈن كىرىل ئېلىپبەسى قوللىنىپ، ئۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن ماسلاشتۇرۇش ۋە 1956 ـ يىلىنىڭ بېشىدا باشلانغان چېگرا ھالقىغان ئورتاق دەرسلىكلەرگە يول قويۇشمۇ توختىتىلغان ۋە 1960 ـ يىلى خىتايدا ئۇيغۇر يېزىقى ئۈچۈن يېڭى لاتىن ئېلىپبەسى تۈزۈش پىلانى ماقۇللانغان (76).

ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى تەسىرىنى تەدرىجىي تازىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1956 ـ يىلى «بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش» ھەرىكىتىنى قوزغىغان. مەزكۇر ھەرىكەتتە كىشىلەر، بولۇپمۇ پارتىيە ئەزالىرى ئۆزلىرى توغرا تاپمىغان پارتىيە سىياسەتلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارە تەنقىد قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇلغان. بۇ ھەرىكەت (قارىماققا) ختاي كومپارتىيەسىنىڭ پۇقرالارنى دۆلەت ئىدارە قىلىشقا ئىشتىراك قىلغۇزۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆز قىلغان (يەنى ختاي كومپارتىيەسىنى تەنقىد قىلغان)لارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئىشلىتىلگەن. 1957 ـ يىلى، ختاي كومپارتىيەسى بۇ ھەرىكەتكە سوڭداشتۇرۇپلا «ئوڭچىللارغا قارشى ئىستىل تۈزەش ھەرىكىتى» ئېلىپ بېرىپ، دۆلەتنى ـــ ختاي كومپارتىيەسىنىڭ نەزىرىدە ـــ ئىدىئولوگىيە جەھەتتە ناباب دەپ قارىلىدىغان ئۇسۇللاردا تەنقىد قىلغان كىشىلەرنى جازالىغان. ئۇيغۇر رايونىدا، مەزكۇر «ئوڭچىللارغا قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى يەرلىك مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ نۇرغۇن سابىق ئەمەلدارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللەتچىلەرنى تازىلاش ھەرىكىتىگە ئايلانغان، شۇنداقلا (بۇ ھەرىكەتتە) تازىلانغانلار ئاشكارا تەنقىد قىلىنغان ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك قىلىش ئۈچۈن پالانغان. ختاي كومپارتىيەسىنىڭ بىر تارىخچىسىغا كۆرە، بۇ ھەرىكەت جەريانىدا، ئۇيغۇر رايونىدىكى يەرلىك مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى 1612 كادىرغا «يەرلىك مىللەتچى»لىك قالپىقى كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەجبۇرىي ھالدا ئەمگەك لاگېرلىرىغا قايتا تەربىيەلىنىشكە ئەۋەتىلگەن (77). نەتىجىدە، 1950 ـ يىللارنىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۈرتكىسىدە ۋۇجۇدقا چىققان قىسمەن ماداراچىلىق سىياسەتلىرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ئايدىڭلاشقان.

بۇ مەزگىلدە، ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى يەنە بۇ رايوننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، بۇ يەرگە تېخىمۇ كۆپ ختايلارنى يەرلەشتۈرگەن. ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بۇ رايوندىكى چەك سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەربىيلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ تارىخىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، 1954 ـ يىلى «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش قىسملىرى» (XPCC) ياكى «بىڭتۈەن»نى قۇرغان (78). بۇ ئورگان ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «ختاي ئازادلىق ئارمىيەسى»دىن ۋە گومىنداڭ تەسلىمچى ئارمىيەسىدىن (ۋەزىپە مۇددىتى توشۇپ) چېكىنگەن ئەسكەرلەرنى تېزدىن شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەپ، ئۇلارنى «يەرلىك ئاھالە»گە ئايلاندۇرۇپ، ھەم يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى سۈپىتىدە، ھەم بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىدىغان خەلق ئەسكەرلىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە ئىمكانىيەت ياراتقان. بۇ ئورگان بۈگۈنگە قەدەر ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە (79). نۇرغۇن جەھەتلەردىن ئېيتقاندا، «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش قىسملىرى» ئۇزۇندىن بۇيان ختاي كومپارتىيەسىنىڭ رايوندىكى مۇستەملىكىچى سىياسىتىنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلدى،

ئۇ ئۇلتۇراقلىشىش ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپلاتاتسىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان ئايرىش سىستېمىسى بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىشغالچى قوشۇن بىلەنمۇ تەمىنلىدى.

«شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش قىسىملىرى»غا ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىتايلاردىن باشقا، تەخمىنەن ئىككى مىليون خىتاي 1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 1960 ـ يىللارنىڭ بېشىدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» (大跃进) كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاچارچىلىقتىن قېچىپ شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن (80). ئەمما، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»نىڭ ئۇيغۇرلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىگە كۆرسەتكەن تەسىرى بۇ رايونغا كەلگەن ئاققۇن خىتايلارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن. يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرغان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» بەلكىم شۇ ۋاقىتقىچە رايوندىكى ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئەڭ پىلانلىق ئۇرۇنۇش بولۇشى مۇمكىن. رىيان سامىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك، «<چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش> ئىقتىسادىي ئاپەت ۋە نۇرغۇن جايلاردا ئاچارچىلىق پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يېزا تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنىمۇ ۋەيران قىلغان» (81). 1950 ـ يىللارنىڭ بېشىدا (شەرقىي تۈركىستاندىكى) رەسمىي دىنىي ئاپپاراتلار ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ شەخس سۈپىتىدە دىنغا ئېتىقاد قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان تۈنجى دۆلەت سىياسىتىنى يولغا قويغان (82). بۇنىڭدىن سىرت، دۆلەت شوئارلىرىدا سوتسىيالىزمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن «مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرۈش»نىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە بارغانسېرى كۆپ داۋراڭ سېلىنىشىغا ئەگىشىپ، كوللېكتىپ دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇش ئۇيغۇرلارنى خىتايلار ئاساسىي ئورۇنىدا تۇرىدىغان خىتاي كۈلتۈرىگە تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك سىڭدۈرۈش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىگەن (83).

بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بۇ خىل باستۇرۇش سىياسەتلىرىگە قارىتا، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار 1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 1960 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۆز ۋەتىنىدىن قېچىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىگەن. بۇ مەزگىلدە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۆز نوپۇسىنى كۆپەيتىش ئۇرۇنۇشىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە 1950 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنى قوبۇل قىلىپ كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا (شەرقىي تۈركىستاندىن) ئەڭ زور بىر تۈركۈم كىشى قېچىپ كەتكەن (84). 1950 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ئاشقان. 1961 ـ يىلغا كەلگەندە، خىتاي ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ توقۇنۇشۇشقا يۈزلىنىۋاتقانلىقى ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، بۇ خىل كۆچۈش ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان. 1962 ـ يىلى ئەتىيازدا، سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى چېگرا ئېغىزىنى (شەرقىي تۈركىستاندىن) ئايرىلىشنى خالايدىغان ھەرقانداق يەرلىك مۇسۇلمانلارغا ئېچىۋەتكەن. يەرلىك خىتاي كومپارتىيەسى دائىرىلىرىمۇ غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا

باردىغان ئاپتوبۇس بىلەن تەمىنلەپ، بۇ ئىشقا «ھەمدەم»لەشكەندەك قىلاتتى (85). 1962 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاپتوبۇسلارنىڭ ئەمدى كىشىلەرنى چېگراغا ئاپىرىپ قويمايدىغانلىقى ئېلان قىلىنغاندا، ئاپتوبۇسقا بېلەت ئېلىپ بولغان نۇرغۇن ئۇيغۇرلار چېگرا تاقىلىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئالاقزادە بولۇشقان ۋە شۇ سەۋەبلىك نامايىش يۈز بەرگەن. ئېيتىلىشىچە، نامايىش قوراللىق باستۇرۇلۇپ، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار ھاياتىدىن ئايرىلغان (86). بۇ قالايمىقانچىلىقتىن كېيىن، تەخمىنەن 67 مىڭ ئۇيغۇر ۋە نۇرغۇن قازاق چېگراغا قاراپ قاچقان ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە كۈندە ئۇلارنىڭ چېگرادىن ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلىنغان (87). بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، 1963 ـ يىلى خىتاي ـ سوۋېت چېگراسى بارلىق ساياھەت ۋە سودا ئىشلىرىغا رەسمىي تاقالغان.

بۇ ئۇيغۇرلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېتىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر رايونى پۈتۈن دۇنياغا تاقىۋېتىلگەن. ئۇزۇندىن بۇيان رۇسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەسىر كۈچىنىڭ كىرىش نۇقتىسى بولۇپ كەلگەن ئىلى ۋادىسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىدا ئارىلىق رايون سۈپىتىدە، «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش قىسىملىرى»نىڭ ھەربىيچە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇلغان، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاھالىلەر بۇ دۆلەتتىن ئايرىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان (88). خىتاينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تامامەن ئۈزۈشى ۋە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»نىڭ تامامەن مەغلۇپ بولۇشى سەۋەبلىك، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر ئارىسىدا ھوقۇق كۈرىشى يۈز بەرگەن. بۇ كۈرەشتە، خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋ (王恩茂) (ماۋ زېدوڭ تەرغىب قىلغان) كەڭ كۆلەملىك كوللېكتىپلاشتۇرۇش ئۇرۇنۇشىدىن ۋاز كېچىپ، ماۋ زېدوڭنىڭ رەقىبلىرىنىڭ يېڭى ئىقتىسادىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىغان. ھالبۇكى، ماۋ زېدوڭنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىگە بولغان كونتروللۇقىنى ساقلاش قىلىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇنۇشى سۈپىتىدە 1966ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا مالىمانچىلىق پەيدا قىلغان «پرولېتار مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى (无产阶级文化大革命) قوزغىشى بىلەن، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشى تېزلا ئاياغلاشقان.

### «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىكى قالايمىقانچىلىقلار ۋە ئۇنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسەتلىرى

ئۇيغۇر ۋەتىنىدىكى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»غا ئالاقىدار ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇزۇندىن بۇيان مەزكۇر رايوننى باشقۇرۇۋاتقان پارتىيە رەھبىرى ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ھوقۇقىغا جەڭ ئېلان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن «قىزىل قوغدىغۇچى ياشلار» ئارىسىدىكى سىياسىي كۈرەشلەرگە مەركەزلەشكەن (89). بۇ سىياسىي كۈرەشلەر ئەلۋەتتە 1966 ـ يىلى ھېلىھەم خىتاي كومپارتىيەسىدە بار بولغان (يەنى شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى

ھەرىكەتلەردە «تازىلىۋېتىلمىگەن»، ت) ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى ۋە زىيالىيلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن، ئەمما ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىدىكى بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى بولمىش مالىمانچىلىق سەۋەبىدىن، بۇ ھەرىكەتنىڭ كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى تەكشى بولمىغان. ئەمما، شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا ئۇيغۇرلارنى ختايلار ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان سوتسىيالىستىك كۇلتۇرغە سىڭدۈرۈش ئۈچۈن مىسلى كۆرۈلمىگەن تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلگەن ۋە رايوندىكى ختاي كەلگۈندىلەر شىددەت بىلەن كۆپەيگەن.

ياشلار قوزغىغان ئۇشبۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ئاساسىي مۇددىئالىرىدىن بىرىنىڭ ئۈچ «كونىلىق»قا (يەنى كونا ئىدىيە، كونا قائىدە - يوسۇن ۋە كونا ئادەتلەرگە) ھۇجۇم قىلىش ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ مەزگىلدە «ئىنقىلابنى ئىلگىرى سۈرۈش» ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن نۇرغۇن ئەسەبىي ختاي ياشلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ۋە ئۇيغۇر كۇلتۇرىگە ھۇجۇم قىلىشى مۇقەررەر ئىدى. 1966 - يىلىدىكى خەۋەرلەرگە كۆرە، «قىزىل قوغدىغۇچىلار» بۇ رايوندا ئىسلامنى كەڭ كۆلەمدە نىشانلاپ، مەسچىتلەرنى تاقاپ، دىنىي كىتابلارنى كۆيدۈرگەن ۋە «شۈبھىلىك» مۇسۇلمان دىنىي زاتلارنى قولغا ئالغان (90). بۇنىڭدىن سىرت، يەرلىك كىيىم - كېچەكلەرنىڭ چەكلەنگەنلىكى، بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ «ختاي ئازادلىق ئارمىيەسى»نىڭ فورمىسىدىن ئۆرنەك ئېلىنغان كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىشكە مەجبۇرلانغانلىقى، ئىسلام دىنىنى قەستەن ھاقارەتلەشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە مەسچىتلەرنىڭ چوشقا قوتىنىغا ئايلاندۇرۇلغانلىقى ۋە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ختايچە پاسوندا چاچ قويۇشقا مەجبۇرلانغانلىقى توغرىسىدا غەيرىي رەسمىي پاكىتلار مەۋجۇت (91). ئەڭ ئاخىرىدا، ئاكادېمىكلار ۋە سەنئەتكارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، (چەتئەلگە چىقىپ كەتمەي) شەرقىي تۈركىستاندا قالغان سىكۇلار (دەھرىي، دىندىن خالىي) ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ كۆپىنچىسى «قايتا تەربىيەلىنىش» ئۈچۈن ئەمگەك لاگېرلىرىغا ئەۋەتىلگەن.

ھالبۇكى، بۇ مەزگىلدە ھوقۇقنىڭ قالايمىقان ئىشلىتىلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ ئاسسىمىلياتسىيە قىلمىشلىرىنىڭ سالمىقى ۋە تەسىرى ئانچە ئېنىق ئەمەس. مەسىلەن، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە مەكتەپلەردە ئوقۇتۇشنىڭ ئاساسەن توختىتىلغانلىقى نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مەزگىلنى ساۋاتسىز ۋە ختايچە سۆزلىيەلمەيدىغان ھالەتتە تاماملىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا زىيارەت قىلغان بىر ئۇيغۇر — «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئۇ غۇلجىدىكى بىر ئۆسمۈر ئىدى — نىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ئۆيگە بېكىنىپ، ئۆزلىرى «ختايلارنىڭ ئىشى» دەپ قارايدىغان سىياسىي كۆرەش ۋە كوچا جېدەللىرىدىن ساقلىنىشقا تىرىشقان. گەرچە بۇ نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ۋەكىللىك قىلالىشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدىكى يېقىندا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالە «قىزىل

قوغدىغۇچىلار»نىڭ ئۇيغۇر ياشلارنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر رايونىدىكى ئوقۇمۇشلۇق شەھەر ئاھالىلىرى ئارىسىدىكى ياشلارنى ئۆز سېپىگە قوشۇشقا مۇۋەپپەق بولغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى (92).

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئۇرۇنۇشىنىڭ سالمىقى ياكى تەسىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇنىسى روشەنكى، مالىمانچىلىقتا تولغان بۇ سىياسىي ھەرىكەت شۇ دەۋردە ياشىغان بارلىق ئۇيغۇرلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش قىسىملىرى»نىڭ ئولتۇراق رايونلىرى ختاي ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى يېزا خەلقىنى زامانىۋى سوتسىيالىستلارغا ئايلاندۇرۇشقا ئۆزىنى بېغىشلىغان «قىزىل قوغدىغۇچى» ياشلارنىڭ بازىسىغا ئايلانغان (93).

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۈرۈمچى دائىرىلىرى بۇ خىل ئاشقۇن ياشلارنىڭ يېزىلاردىكى تەسىرىنى چەكلەپ، ئۇلارنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئۇيغۇر قوزغىلىڭىغا سەۋەب بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بۇ «قىزىل قوغدىغۇچى»لار نۇرغۇن يېزا ئۇيغۇرلىرىغا ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسى ۋە دىنىي ئېتىقادى سەۋەبلىك ھاقارەتلىك زىيانكەشلىكلەرنى قىلغان بولۇش مۇمكىن (رىۋائللىقىمۇ دەل شۇنداق، ت).

بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، ئۇيغۇرلارنىڭ ختاينىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا زوراۋان شەكىلدە قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ يەنە بىر قېتىم مۇشۇ مەزگىلدە ئوتتۇرىغا چىقىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. خەۋەرلەرگە كۆرە، ئىككىنچى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆرنەك ئالغان، شۇنداقلا ئەڭ ئاز دېگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يوشۇرۇن قوللىشىغا ئېرىشكەن، ئېيتىلىشىچە ئۆزىنى «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» دەپ ئاتىغان قوزغىلاڭچىلار مۇشۇ ۋاقىتتا پەيدا بولۇپ، ئۇيغۇر رايوندا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇسلۇبىدىكى سوتسىيالىستىك تۈزۈلمىگە ئىگە، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان (94). ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 1968 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىللارغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» قەشقەر ئەتراپىدىكى تاغ ئېتىكىدە «ختاي ئازادلىق ئارمىيەسى»نىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان جەڭدە مەغلۇپ بولغانغا قەدەر، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە كۆپ قېتىم ھۇجۇم قوزغىغان (95). ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېقىنقى مەنبەلىرىگە كۆرە، بۇ تەشكىلات 1970 ـ يىلى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئۇنىڭغا چېتىشلىق دەپ ئەيىبلىگەن 6000 غا يېقىن ئۇيغۇرنى قولغا ئالغاندا يوق قىلىنغان (96).

بەلكىم مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى، ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ختايلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ھەرقانداق دەۋردىكىگە قارىغاندا بەكرەك ئۆزگەرتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن كۇلتۇرەل ۋە دىنىي ئاپپاراتلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ رەسمىي ھۆججەتلەردە ئىشلىتىلىش سالمىقىنى ۋاقىتىنچە تۆۋەنلەتكەن، مەھەللىلەرنى ۋە ئىجتىمائىي

كاپىتالنى ۋەيران قىلىپ، ئۆلچەملىك مائارىپ تەربىيەسىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان، ئوقۇمىغان بىر ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنى يېتىشتۈرگەن. ئۇ يەنە رايوننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىشكە ئىمكانىيەت تۇغدۇرغان. 1953 ـ يىلىدىن 1967 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، خىتايلارنىڭ نوپۇسى ئالتە ھەسسە كۆپىيىپ، ئەسلىدىكى 300 مىڭدىن 1 مىليون 791 مىڭغا يەتكەن. ئەمما، 1982 ـ يىلىغا كەلگەندە، خىتايلارنىڭ نوپۇسى 5 مىليون 287 مىڭغا يېتىپ، رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى بىلەن ئاساسەن تەڭلەشكەن. ھالبۇكى، بۇ خىتايلارنىڭ كۆپىنچىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىغا ياكى (شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا جايلىرىدىن) ئايرىۋېتىلگەن «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش قىسىملىرى»نىڭ بازىلىرىغا جايلاشقانىدى (97). لېكىن، بۇ دەۋردىكى ئاشقۇن سىياسەتلەر، نوپۇس قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئارىلىشىش بۇ رايوننى خىتاي ئۆلكىلىرىگە ھەقىقىي رەۋىشتە قوشۇۋېتەلمىگەن. بۇ رايوننىڭ خىتاينىڭ باشقا جايلىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى ۋە مۇستەملىكىۋى پەرقلىرى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان تەسىرىنى خېلى زور دەرىجىدە چەكلىگەندەك، جۈملىدىن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى بۇ ھەرىكەتنىڭ ئەڭ رادىكال مۇددىئاسىدىن قوغداپ قالغاندەك قىلاتتى، بولۇپمۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي بوستانلىقىدىكى يېزىلاردىكى ئۇيغۇر ئاھالىسى ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق بولغان.

## ئىسلاھات دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە شەرقىي تۈركىستان، 1980 ~ 2001 ـ يىللىرى: ماداراچىلىق، تەرەققىيات ۋە كۆچمەنلەر مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ كۈچەيتىلىشى

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ، دېڭ شياۋپىڭ خىتاينىڭ رەھبىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققاندا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇستەملىكىسىزلەشتۈرۈشنىڭ يەنە بىر پۇرسىتى تۇغۇلغان. دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىسلاھات كونتېرتىپى دۆلەتنىڭ بۇ رايونغا تۇتقان

پوزىتسىيەسىنى ۋە بۇ رايوننىڭ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى رولىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتكەن. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تاشقى تەسىرلەرگە قارىتا بېكىنمىچىلىك قىلىشنى توختىتىپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ـــ بولۇپمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە ـــ مۇئامىلە قىلىشقا باشلىغان. بۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈشتە، ئۇيغۇر ئانا يۇرتى گېئو ـ ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم رايونغا ئايلانغان. بۇ رايون ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزى شۇلار بىلەن خىتاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارىلىق رايون بولۇپ كەلگەن غەربتىكى ۋە غەربىي جەنۇبتىكى دۆلەتلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىدىغان كۆۋرۈك بولالايتتى. نەتىجىدە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇر ۋەتىنىنى ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى خىتاي بىلەن قوشنا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق رايون ئەمەس، بەلكى كۆۋرۈك سۈپىتىدە تەدرىجىي ئۆزگەرتىش سىڭدۈرۈش پىلانىنى باشلىغان (98). بەلكىم مۇشۇ مەزگىلدە بولسا كېرەك، شەرقىي تۈركىستان يېقىنقى زامان خىتاي تارىخىدىكى ھەر قانداق مەزگىلدىكىدىنمۇ بەكرەك خىتايغا سىڭىپ كەتكەن. خىتاي ئۆزىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر ۋەتىنىنى خىتاينىڭ سىياسىي گەۋدىسىگە ۋە جەمئىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشكە زېھىن ئاجرىتالىغۇدەك ئىقتىدار ۋە بايلىققا ئىگە بولغان، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېڭىدىن گەۋدىلىنىۋاتقان گېئو ـ ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتىنى نەزەردە تۇتقان خىتاينىڭ شۇنداق قىلىشقا بولغان رىغبىتى تېخىمۇ ئاشقان. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلارغا «يەرلىك خەلق» سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش، شۇنداقلا ئۇلارنى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە ۋەتىنىنى مۇستەملىكە قىلىش قاتارلىق ھەرخىل تاللاشلىرى بار ئىدى. ھالبۇكى، خىتاي ئالدىنقىسىنى (يەنى ئۇيغۇرلارغا «يەرلىك خەلق» سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشنى) شۇنچىكى سىناپ باققاندىن كېيىن، كېيىنكى ئۇسۇلنى قوللىنىشنى (يەنى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنى مۇستەملىكە قىلىشنى) قارار قىلغان.

## 1980 ـ يىللار ۋە ئەڭ ئاخىرقى مادارا چىلىق ئۈرۈنۈشى

ئىسلاھاتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى كۆرۈنۈشتە ئۇيغۇرلارغا قارىتا 1950 ـ يىللىرىدىن كېيىنكى تۇنجى مادارا چىلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، رايوندا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ مۇستەملىكىسىزلىنىشىگە ۋە شۇ ئارقىلىق ھەقىقىي مىللىي ئاپتونومىيەنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا قارىتا ئۈمىد تۇغۇلدى. روشەنكى، ئەينى ۋاقىتتىكى خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىدىكى ئەڭ ياش ئىسلاھاتچى ئەمەلدار ـــ خۇ ياۋباڭنىڭ (胡耀邦) تۈرتكىسىدە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى 1980 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاندا كۈلتۈرەل ۋە ئىقتىسادىي

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش تەلىپىنى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشكەن كۆپ ساندىكى خىتاي ئەمەلدارلارنىڭ ۋە «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش قىسىملىرى» ئەزالىرىنىڭ يۇرتىغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قارارنى ماقۇللىغان (99). بۇ قارارنىڭ نەتىجىلىرى دەرھال مەزكۇر رايوندا كۆرۈلۈشكە باشلاپ، ئەرەب يېزىقىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى قايتىدىن قوللىنىلغان، ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلار قايتىدىن ئېچىلغان، مەسچىتلەر قايتىدىن سېلىنغان. ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشىر بۇيۇملىرى شىددەت بىلەن كۆپەيگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، خۇ ياۋباڭنىڭ 1981 ـ ۋە 1982 ـ يىللىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا پارتىيە رەئىسلىكىگە ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارلىقىغا تەيىنلىنىشى بىلەن، ئۇيغۇر ۋەتىنى ۋە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشقا جايلىرى شۇنىڭدىن كېيىنكى ئالتە يىلدا تېخىمۇ ئەركىن بىر دەۋرنى كۆتۈۋالغان.

1987 ـ يىلىغا كەلگەندە، خۇ ياۋباڭنىڭ تازىلىنىشى بىلەن، بۇ خىل ماداراچىلىقنىڭ دائىرىسى تارىيىشقا باشلىغان بولۇپ، 1989 ـ يىلى تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى نامايىش بىلەن تېخىمۇ تارايغان. ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇيغۇرلارغا ئەسلىدىكىدىن كۆچلۈك مىللىي ئاپتونومىيە بەرمەي، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق شەكىلدە ئۆزگەرتمەي تۇرۇپلا، ئىسلاھات توختىتىلغان. شۇنداقتىمۇ، 1980 ـ يىللاردا ئۇيغۇر كۈلتۈرىنىڭ گۈللىنىشىگە ۋە ئىسلام دىنىنىڭ بۇ رايوندا قايتىدىن باش كۆتۈرۈشىگە ئىمكانىيەت بولغان. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدىنى كۈچەيتىپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا ۋەيران بولغان كۈلتۈرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى تىرىلدۈرۈش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىگەن. مەن 1990 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تۇنجى قېتىم شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغىنىمدا، شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئون يىلدىكى ماداراچىلىق سىياسەتلىرىنىڭ تەسىرىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. گەرچە (ئەينى چاغدا) نۇرغۇن يېزا ئۇيغۇرلىرى يەنىلا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئومۇملاشقان، «خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى»نىڭ فورمىسى ئۆرنەك قىلىنغان چاپان ۋە شەپكە كىيىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ھەممە جايدا، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدا كىچىك مەسچىتلەر بىنا قىلىنىپ، دىنىي ئىبادەتلەر ئاشكارا قىلىنىشقا باشلىغانىدى. قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، ئەرەب ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر يېزىقىنى ھەممە يەردە كۆرگىلى بولاتتى، مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە تەشۋىق قىلىنغان لاتىن ئېلىپبەسى بولسا ئاساسەن غايىب بولغانىدى.

بۇنىڭدىن سىرت، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئەمگەك لاگېرلىرىغا ۋە تۈرمىلەرگە بەند قىلىنغان نۇرغۇن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە دىنىي ئۆلىمالار قويۇپ بېرىلگەن ۋە ئۇلارنىڭ قايتىدىن ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ۋە ئەسەر نەشر قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان. بۇ زىيالىيلارنىڭ ئارىسىدا ئۆلچەملىك تارىخ كىتابلىرىنى يېزىشقا جۈرئەت قىلغانلار ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى تارىخىي رومانلارنى

يازغان. بۇ رومانلارنىڭ بەزىلىرىدە بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەۋرلىرى تەسۋىرلەنسە، يەنە بەزىلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ رايوننىڭ يەرلىك خەلقى (ھەقىقىي ساھىبى) ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان (100). بۇنىڭدىن سىرت، تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن دىنىي ئۆلىمالار غەيرىي رەسمىي مەكتەپلەرنى ئاچقان ۋە دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزمەيلا، ئىسلام دىنىنى ئۆز ئۇسۇلى بويىچە قايتىدىن تەشۋىق قىلىشقا باشلىغان.

1980 ـ يىللارنى باشتىن كەچۈرگەن ۋە ھازىرغىچە ھايات بولغان نۇرغۇن ئۇيغۇرلار بۇ مەزگىلنى يېقىنقى ئۇيغۇر تارىخىدىكى «ئالتۇن دەۋر» دەپ ئاتىشىدۇ ۋە ئۇنى «باشقىچە كەلگۈسى ۋە باشقىچە خىتاينى ۋۇجۇدقا چىقارغۇسى» دېگەن ئۈمىدتە ئەسلەيدۇ. ئۆتمۈشكە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەگەر بۇ ماداراچىلىق سىياسەتلىرى ئىزچىل داۋاملاشقان بولسا، بەلكىم ئۇيغۇرلار 1990 ـ يىللاردا خىتاي جەمئىيىتىگە ئاسانلا سىڭىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بولۇپمۇ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى شەرقىي تۈركىستاننى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى دەپ ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۇ يەردە ھەقىقىي مىللىي ئاپتونومىيە ئورناتقان بولسا، تېخىمۇ شۇنداق بولغان بولاتتى. گەرچە 1980 ـ يىللاردىكى ماداراچىلىقتا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇستەملىكىسىزلەشتۈرەلەيدىغان بۇ خىل سىياسەتلەر يەنە بىر قېتىم توختىتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەرلىك خەلققە بەرگەن كۇلتۇرەل ۋە دىنىي ئەركىنلىكنى دەماللىققا قايتۇرۇۋېلىش بەسى مۈشكۈل ئىدى.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# ئېرىك شلۇسېل

# ئېرىك شلۇسېل

ئېرىك شلۇسېل خىتاينى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلىدىغان ئىجتىمائىي تارىخچى بولۇپ، ئۇنىڭ كەسپىي ساھەسى خىتاي، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىجتىمائىي تارىخ، مۇستەملىكىچىلىك ۋە جاھانگىرلىك (ئىمپېرىيالىزم) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇنىڭ تەتقىقاتى ئاساسلىقى شەرقىي تۈركىستاننىڭ 19 ـ ۋە 20 ـ ئەسىرلەردىكى تارىخىغا مەركەزلەشكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇنجى مەخسۇس ئەسىرى «ناتونۇشلار ماكانى»دا (Land of Strangers) خىتايچە ۋە چاغاتاي تۈركچىسىدىكى يەرلىك ئارخىپلار ۋە قوليازما مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى بىر قانچە ئون يىلىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلارنى خىتايچە سۆزلەيدىغان كۆچمەنلەرگە ئايلاندۇرۇش ئۇرۇنۇشىنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى مۇھاكىمە قىلغان.

شلۇسېل نۆۋەتتە ئىككى تەتقىقات تۈرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ: بۇلارنىڭ بىرى بولغان «ئەۋلىيالار ۋە سەيياھلار»دا (Saints and Sojourners) سودىگەرلەر، دېھقانلار ۋە ۋەخپە باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرى ئارقىلىق، ئۇيغۇر رايونىنىڭ 1750 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىقتىسادىي تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىلىۋاتىدۇ. ئۇ كەنت قاتلىمىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى مانچېستېر ۋە تيەنجىنگىچە بولغان يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن باغلايدۇ. بۇ تۈرلەرنىڭ يەنە بىرى بولغان «سۈرگۈندىكى ئىلاھلار»دا (Exiled Gods)، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي سەپتىن چېكىندۈرۈلگەن (ۋە شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرۈلگەن) ئەسكەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ (شەرقىي تۈركىستاندىكى) دىئاسپورا تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ كۈلتۈرى ۋە دىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىنماقتا.

شلۇسېل يەنە دۆلەتلىك ئىنسانپەرۋەرلىك فوندى جەمئىيىتى ۋە ئامېرىكا ئاكادېمىكلار جەمئىيىتى كېڭەشىنىڭ مەبلىغىگە تايىنىپ، موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» دېگەن ئەسىرىنىڭ تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىق نۇسخىسىنى تاماملاش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. «تارىخى ھەمىدى» 19 ـ ئەسىردىكى شەرقىي تۈركىستان تارىخى بايان قىلىنغان، چاغاتايچە مۇھىم يىلنامە تارىخىدۇر. شلۇسېلنىڭ داۋاملىشىۋاتقان تەتقىقاتلىرى بۇ ۋە باشقا قولىيازمىلارنى، ھۆججەتلىك فىلىملەرنى ھەمدە ئەسلىمىلەرنى ئاساس قىلىپ،

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىقتىسادىي تارىخىنى تۆۋەن قاتلامدىن باشلاپ قايتىدىن يېزىپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان.

شلۇسېل ئىلگىرى مىسسولا شەھىرىدىكى مونتانا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ۋە 2018 ~ 2019 ـ ئوقۇش يىلىدا يېڭى جېرسىي شتاتىنىڭ پرىنسېتون شەھىرىدىكى ئالىي تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن.

بۇنىڭدىن سىرت، شلۇسېل تۋىتېر قاتارلىق ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۆۋەتتىكى قىسمەتلىرىنى ئېنگلىز تىللىق خەلقئارا جامائەتچىلىككە ئاڭلىتىش ئۈچۈن سىجىل ۋە پائال ھەرىكەت قىلىپ كېلىۋاتقان غەرب زىيالىيلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تۋىتېر يازمىلىرى ۋە ھەمبەھىرلىگەن يوللانمىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقا، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىسلىسىز زۇلمىغا مەركەزلەشكەن.

نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىلەر:

«مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭدىكى ئىقتىسادىي ۋە ئېتنىك دىنىي زىددىيەتلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە خاتا تونۇلۇشى»، Asian Ethnicity، 2020 ـ يىلى.

«ناتونۇشلارنىڭ ماكانى: چىڭ سۇلالىسىگە قاراشلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆندۈرۈش پروجېكتى»، نيۇيورك: كولۇمبىيە ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2020 ـ يىلى.

«سۈرگۈندىكى ئىلاھلار: تېررىتورىيە، تارىخ، ئىمپېرىيە ۋە شىنجاڭدىكى خۇنەنلىك <ئىلاھلار>، ئاخىرقى مەزگىلدىكى خىتاي ئىمپېرىيەسى»، 2020 ـ يىلى 6 ـ ئاي.

«ئەسىر ئالمىشىش ھارپىسىدىكى شىنجاڭدىكى سۇ، ئادالەت ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت»، «شەرقنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تارىخى» ژۇرنىلىنىڭ 62 ـ سانى، 2019 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

«چاغاتايچىغا كىرىش: ئوتتۇرا ئاسىيا ماتېرىياللىرىنى ئوقۇش جەھەتتىكى دەرىجىگە ئايرىلغان دەرسلىك»، Maize Books، 2018 ـ يىلى.

«چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى شىنجاڭدىكى ئىسلامىي ۋەخپىلەرنىڭ يوشۇرۇلۇشى ۋە ئاشكارىلىنىشى»، «ئىسلام دۇنياسى» 108 ـ سان، 2018 ـ يىلى 12 ـ ئاي.

«شەھەر مۇئەككىلىدىن قورۇقچى لەشكەرگىچە: دىڭشياڭ بېگى شىنجاڭدا» («ئىمپېرىيە» بىلەن «يەرلىك جەمئىيەت» توغرىسىدا قايتا مۇھاكىمە: جەنۇبىي خىتاي تەتقىقاتى بىلەن يېڭى چىڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ دىيالوگى) 2017 ـ يىلى 10 ـ ئاي.

«خىتاي تارىخىغا ياندىشىقان <قانۇن تارىخى>»، ۋىلىيام ئالفورد بىلەن بىللە يازغان. مايكول سىزونىي تەھرىرلىگەن، 2017 ـ يىلى.

«يامۇل قوۋۇقىدىكى مۇسۇلمانلار: چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى شىنجاڭدىكى ئادالەتكە ئىزاھ» ــــ «قەشقەرگە قايتا سەپەر»دىكى گۇننار يارىڭنىڭ ئەسلىمىسىدىن ئۇيغۇر تەتقىقاتى، ئىلدىكو بايلور خان، بىرگىت شلىپت ۋە توشى سۇگاۋارا تەھرىرلىگەن، 2016 ـ يىلى.

«قانۇن ۋە ئەرز»: چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىكى خىتايدىكى ئىككى قانۇنىي بوشلۇق»، Extrême ـ Orient Extrême ـ Occident ژۇرنىلىنىڭ 40 ـ سانى، 2016 ـ يىلى 11 ـ ئاي.

«ياركەنتتىن دۇنياغا نەزەر: غۇلام مۇھەممەدخاننىڭ 1920 ـ يىللار تەزكىرىسى ــ ما تىتەينىڭ ۋەقەسى». توكيو: NIHU نىڭ ئىسلامىي رايونلار تەتقىقاتى تورى، 2014 ـ يىل.

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى



# خىتاي قانداق جۇت سوقۇۋاتىدۇ؟

# خىتاي قانداق چوت سوقۇۋاتىدۇ؟

تەرجىماندىن ئىلاۋە: ئەشەددىي دۈشمىنىمىز بولمىش خىتايلاردا «ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلگەنلەر، جەڭلەردە يېڭىلمەس» دېگەن سۆز بار. ئەمما، خىتاينىڭ بىز كەبى رەقىبلىرىنى تەلتۆكۈس تەتقىق قىلىپ، ئوي - پىكىر، خۇي - پەيلىمىزنى بىلىشكە ئۇرۇنۇشىغا سېلىشتۇرغاندا، بىزنىڭ خىتاي ۋە ئۇنىڭ غەرەز - مۇددىئالىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىمىز خېلىلا چولتا.

يېقىنقى بىرەر ئاي مابەينىدە دۇنياۋى تاراتقۇلارنىڭ باش خەۋەرلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلگەن تالىباننىڭ ئافغانىستاندا ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزگەنلىكى مەسىلىسىدىمۇ، بۇ ئىشنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە، ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى، خىتاينىڭ بۇ ھەقتە قانداق چوت سوقۇۋاتقانلىقى ۋە بىزنىڭ بۇنىڭغا قارشى نېمىلەرنى قىلالىشىمىز مۇمكىنلىكى توغرىسىدا بىزدە ھېلىھەم نىسبەتەن بىرلىككە كەلگەن، ئەتراپلىق تونۇش يوقنىڭ ئورنىدا.

ھالبۇكى، ژۇرنىلىرىمىزغا نۆۋەتتە ئۇلاپ بېسىلىۋاتقان، دوكتور شان روبېرتسىنىڭ «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش» دېگەن كىتابىدا ئىنتايىن تەپسىلىي بايان قىلىنغىنىدەك، خىتاي 2000 - يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپلا، ئافغانىستاندا بارلىقىدا كەلگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» دېگەن مەۋھۇم تەشكىلاتنىڭ «تېرورلۇق» تەھدىتىنى باھانە قىلىپ، ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زۇلۇم - ستەملىرىنى قەدەممۇ قەدەم كۈچەيتىپ كەلدى.

ھالا بۈگۈنگە كەلگەندىمۇ، خىتاي تالىباننىڭ ئافغانىستاندا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ «پۇرسەت»كە زىنھار سەل قارىماي، ئۆز ئىچىدىكى بىر تالاي ئاتالمىش «تېرورلۇق مۇتەخەسسىسلىرى»نىڭ ئاساسسىز، تەرەپباز «تەھلىل»لىرى ئارقىلىق، مەۋھۇم «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ تەھدىتىنى ھەدەپ كۆپتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ قاتتىق باستۇرۇش ئۈچۈن پىكرىي زېمىن ھازىرلاشقا ئۇرۇنماقتا. شۇڭا، دەماللىققا خىتاينىڭ مىكىرلىرىنى بىتچىت قىلىش قولىمىزدىن كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ نېمە چوت سوقۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ قويۇش بىز ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

تۆۋەندە خىتاينىڭ دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ئەڭ يادرولۇق، ئاشقۇن مىللەتچى تاراتقۇلىرىدىن بىرى بولغان «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئېلان قىلغان، تالىبان ۋە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» توغرىسىدىكى ئېنگلىزچە ماقالىسىنىڭ تەرجىمىسىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنىمىز.

***

## تالىبان خىتايغا بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزەمدۇ؟

«يەرشارى ۋاقىت گېزىتى»

تالىباننىڭ باياناتچىسى «يەر شارى ۋاقىت گېزىتى»نىڭ مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا «‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى›نىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى ئافغانىستاندىن ئايرىلىشقا بۇيرۇلدى» دېگەندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەر «ئۇنداقتا، ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى› نىڭ (ETIM) ئەزالىرى ئافغانىستاندىن ئايرىلغاندىن كېيىن قەيەرگە كەتتى؟ ئۇلارنىڭ قانچىلىكى ئافغانىستاندا قالدى؟» دېگەندەك سوئاللارنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى. بۇ تېما ھەم خىتايدا ۋە چەتئەللەردە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. مەزكۇر تېرورلۇق تەشكىلاتى خىتاينىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە بىۋاستە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان بولغاچقا، خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ بۇ ھەقتىكى ئەندىشىسىنى قايتا تەكىتلىدى.

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» «شىنجاڭ» رايونىنى خىتايدىن ئايرىپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان ئەڭ خەتەرلىك ۋە ئاشقۇن تېرورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، خىتايدىكى، بولۇپمۇ خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»دىكى يۈزلىگەن تېرورلۇق ھۇجۇملىرىنىڭ جاۋابكارىدۇر. بۇنىڭدىن سىرت، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرى ئەلقائىدەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارالىق تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى بىلەن قويۇق ئالاقە ئورناتماقتا ھەمدە «شىنجاڭ»دىكى ئۇيغۇرلارنى ياكى باشقا مىللەتلەردىن بولغان كىشىلەرنى «يەر شارىۋى جىھاد»قا قاتنىشىشقا ئۈندىمەكتە.

ئۆتكەن نەچچە ئون يىل مابەينىدە، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ قوراللىق ئۇنسۇرلىرى ئافغانىستان، ئىراق ۋە سۈرىيە قاتارلىق ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىگە تارالدى. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى يەرشارىۋى تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش تىرىشچانلىقىغا تەھدىت ئېلىپ كەلدى. «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى»نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان «بىخەتەرلىك مۇتەخەسسىسلىرى»گە كۆرە، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ نەچچە يۈزلىگەن ئەزاسى ھېلىھەم ئافغانىستاندا بولۇشى مۇمكىن بولۇپ، تالىباننىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»گە زەربە بېرىش ۋەدىسىدە تۇرۇش ـ تۇرماسلىقى يەنىلا نائېنىق.

بۇنىڭدىن سىرت، تالىباننىڭ ئافغانىستاندا ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزگەنلىكى ۋە ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرگەنلىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېرورلۇق كۈچلىرىگە جاسارەت بېغىشلىشى مۇمكىنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئافغانىستاننىڭ قوشنا دۆلەتلىرىگە بولغان بېسىم زور دەرىجىدە ئاشتى. بۇ مەزكۇر رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ (ئاتالمىش «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» جەھەتتە) تېخىمۇ كۈچلۈك ھەمكارلىششىنى تەقەززا قىلىدۇ.

تېرورلۇققا قارشى تۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا ئەزا دۆلەتلەر رايوننىڭ كۈنسېرى تۇراقسىزلىشىۋاتقان بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىگە تاقابىل تۇرۇش مەقسىتىدە، پەيشەنبە كۈنى تاجىكىستاندا باشلىقلار يىغىنى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى.

مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر

تالىبان باياناتچىسى سۇھەيل شاھىن 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «يەر شارى ۋاقىت گېزىتى»نىڭ مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: «‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى›نىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى ئافغانىستاندىن ئايرىلدى، چۈنكى بىز ئۇلارغا باشقا دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئافغانىستاندىن پايدىلىنىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتتۇق» دېدى.

ھالبۇكى، شاھىن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ زادى قانچىلىك ئادىمىنىڭ ئافغانىستاندىن ئايرىلغانلىقىنى ۋە قانچىلىك كىشىنىڭ ھېلىھەم ئافغانىستاندا ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالمىدى. خىتاي بىخەتەرلىك مۇتەخەسسىسلىرى «ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولغان تەقدىردىمۇ، خىتاينىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇردى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ 2020 - يىلى 5 - ئايدا ئېلان قىلغان دوكلاتىغا قارىغاندا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ئاساسلىقى ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان، قۇندۇز ۋە تاخار ئۆلكىلىرىگە تارقالغان. «بۇ تەشكىلاتنىڭ ئافغانىستاننىڭ شىمالى ۋە شەرقىي شىمالىدا ھەرىكەت قىلىدىغان تەخمىنەن 500 جەڭچىسى بار بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى بەدەخشان ئۆلكىسىنىڭ راغىستان ۋە ۋاردۇج ۋىلايەتلىرىگە جايلاشقان بولۇپ، مالىيە ئىشلىرى ئاساسلىقى راغىستاندا».

پاكىستاندىن كەلگەن سانلىق مەلۇماتلارغا كۆرە[1]، ھازىر ئافغانىستاندا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ 200 دىن 300 گىچە ئەزاسى بولۇشى مۇمكىن. «خىتاي زامانىۋى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تەتقىقات ئورنى»دىكى دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مۇتەخەسسىسى لى ۋېي «يەر شارى ۋاقىت گېزىتى.»گە مۇنداق دېدى: «گەرچە ئۇلار بىرەسمىي ھەربىي كۈچ بولىسمۇ، ئەمما ئۇلار مەۋجۇتلا بولىدىكەن، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇقىمسىزلىقمۇ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ».

«غەربىي شىمال سىياسىي - قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ پروفېسسورى شۇ خوڭشۈي «يەر شارى ۋاقىت گېزىتى»گە مۇنداق دېدى: «<شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى>نىڭ ئەزالىرى ئافغانىستاندىن سىقىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، پاكىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستان قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەرگە يۆتكەلمەكتە».

تاجىكىستان بىلەن چېگرىلىنىدىغان بەدەخشان ئۆلكىسى ئافغانىستاندىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ئەزالىرىنىڭ ئاساسلىق جەمگاھىدۇر. رېيتېر ئاگېنتلىقىنىڭ 2018 - يىلى 2 - ئايدىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكانىڭ بەدەخشان ئۆلكىسىنىڭ شىمالىغا قىلغان ھۇجۇمىدا تالىبانىنىڭ مەشىق گازارمىسى ۋەيران قىلىۋېتىلگەن بولۇپ، مەزكۇر گازارما «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ خىتاي بىلەن تاجىكىستان چېگراسىدا قوراللىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى شارائىت بىلەن تەمىنلىگەنىدى.

شۇ خوڭشۈينىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ يىل 6 - ئايدا، تەخمىنەن 200 دەك «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» جەڭچىلىرىنىڭ بەدەخشاندىكى خاش ۋە جورم شەھەرلىرىدە تالىبانلار بىلەن بىر سەپتە ئۇرۇش قىلغان بولۇپ، نۆۋەتتە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ ئاز بىر قىسىم جەڭچىلىرى تاخار ئۆلكىسىدىكى باھاراك بازىرىغا يېقىن جايدا ياشىماقتا ئىكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «شام ۋە ئىراق ئىسلام دۆلىتى» (ISIS) ۋە باشقا خەلقئارالىق تېررورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ زاۋال تېپىشىغا ئەگىشىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»مۇ چەتئەلدىكى ماكانىنى ئۆزگەرتتى. شاڭخەيدىكى فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئامېرىكا تەتقىقات مەركىزىنىڭ پروفېسسورى جاڭ جيادوڭ «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى»گە مۇنداق دېدى: «<شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى>نىڭ ئەزالىرىنىڭ ئېنىق سانىنى بىلىش تەس بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يادرولۇق ئەزالىرى پاكىستان، سۈرىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۈرىيەدە تۇرىدىغانلار ئافغانىستاندىكىدىن كۆپ، شۇنداقلا ئۇلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاساسەن ئۆزىنى كۆرسەتمەي كەلدى».

[1] خىتاينىڭ نوقۇل ھالدىكى تەھدىتىنى كۆپتۈرۈش ۋە ئۇيغۇرلارنى قارىلاش مەقسىتى مەزكۇر «ماقالە»دىكى مۇشۇ خىل قۇرلاردىن ئوپئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى، خەلقئارا ئاخباراتچىلىق ساھەسىدە ھېچبىر زامان ئېنىق شەخس ياكى تەشكىلات مەنبە سۈپىتىدە كۆرسىتىلمەي تۇرۇپ، «پالانى دۆلەتتىن كەلگەن سانلىق مەلۇماتلارغا كۆرە» دېگەندەك مەۋھۇم ئىبارىلەر ۋە سەپسەتىلەر ئارقىلىق ئۆز گېپىنى كۈچلەندۈرىدىغان ئىش يوق. -ت

جاك جيادوك يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: تالىباننىڭ باياناتچىسى شاھىننىڭ «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى» بىلەن ئۆتكۈزگەن زىيارىتى تالىباننىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ ئەزالىرىنىڭ كىملىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى ئاشكارىلىدى.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى جاۋ لىجيەن 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا شاھىننىڭ سۆزىگە قارىتا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: خىتاي ئۆزىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» توغرىسىدىكى ئەندىشىسىنى تالىبانغا كۆپ قېتىم بىلدۈردى. تالىبانمۇ بۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، قاتتىق ۋەدىلەرنى بەردى. بىز ئۇلارنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشىنى، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» قاتارلىق تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان چەك ـ چېگرانى ئېنىق ئايرىشىنى ھەمدە ئۆز زېمىنىدىكى مەزكۇر تېرورلۇق تەشكىلاتلىرىغا قەتئىي زەربە بېرىش ئۈچۈن ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تالىبان ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ماسلىشىش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ تەسىرىنىڭ سىرتقا كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئافغانىستاننىڭ تېرورلۇق كۈچلىرىنىڭ ماكانىغا، پاناھگاھىغا ياكى مەنبەسىگە ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەندىشىسىنى بىلدۈرۈپ: «تالىبان بىلەن <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى> ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇلارنىڭ <شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى> بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزىدىغان ـ ئۈزمەيدىغانلىقىنى يەنىلا كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ» دېيىشتى.

شۇ خوڭشۇي مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تالىبان بىلەن ھەمكارلىشىشى مۇمكىن. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» قۇرۇلغاندىن تارتىپلا، ئافغانىستاننى مەشىق بازىسى قىلىپ كەلدى. تالىبان ئىلگىرى «يەر شارىۋى جىھاد»قا قاتناشقان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ رەھبىرى ھەسەن مەخسۇم ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىنى پۇل، ماشىنا ۋە قوراللار ئارقىلىق قوللاپ كەلگەنىدى.

تالىبان ئالدىنقى قېتىم ئافغانىستاندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، ئۇلارنىڭ قوشۇنىدا خىتاينىڭ «شىنجاڭ» رايونىدىن بارغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ تەخمىنەن 320 ئەزاسى بار ئىدى. تالىبان يەنە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ ئەزالىرىنى تەربىيەلەشكە ياردەم بەرگەن بولۇپ، ئۇلارغا ئادەمبومبا ھۇجۇمىنى قانداق روياپقا چىقىرىش ۋە بومبا ياساش قاتارلىقلارنى ئۆگەتكەن. بۇنىڭ بەدىلىگە، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ ئەسكەرلىرى زۆرۈر تېپىلغاندا، تالىبان بىلەن بىر سەپتە جەڭ قىلغان.

گەرچە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ تالىبان بىلەن ھەمكارلىقى بار بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى مۇقىم ئەمەس. شۇ خوڭشۇي بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەزى پەرقلەر مەۋجۇت: تالىباننىڭ سىياسىي مەقسىتى دۆلەت قۇرۇش، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» بولسا، ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشنى قەستلەيدۇ؛ تالىباننىڭ ئامېرىكا بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، ئەمما «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ئامېرىكادىن ياردەم ئالىدۇ؛ تالىبان خىتاينىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» بولسا خىتايغا قارشى.

شۇ خوڭشۇي مۇنداق دېدى: تالىبان ئافغانىستاندا ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» بىلەن بولغان ئىختىلاپى زورايدى، ئەمما «بۇ ئۇلارنىڭ ئوخشاش مۇشكۇلاتقا دۇچ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بىز ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۆزئارا ئالاقىسىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق كۆزىتىشىمىز كېرەك».

## تالىبان خىتايغا بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلامدۇ؟

فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى جاڭ جيادوڭ مۇنداق دېدى: «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ ئافغانىستاندا بەلگىلىك تەسىرى بارلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇنى تەلتۆكۈس يوقىتىش تەس. «تالىبان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشنى ئويلىغان تەقدىردىمۇ، بۇ يەنىلا تەسكە توختايدۇ. چۈنكى، تالىبان ئاساسىي قاتلامدىكى قوراللىق ئۇنسۇرلارنى ۋە قەبىلە رەھبەرلىرىنى تولۇق كونترول قىلالمايدۇ. بىز ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى›نىڭ ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان بۇ دۆلەتتە تېخىمۇ ئەۋزەل زورىيىش شارائىتىغا ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكىنى يوققا چىقىرىۋېتەلمەيمىز».

لەنجوۋ ئۇنىۋېرسىتېتى ئافغانىستان تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى جۇ يوڭبياۋغا كۆرە، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ ئەزالىرى ئافغانىستاندا ھېلىھەم بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە. تالىباننىڭ ئافغانىستاندىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ بارلىق ئەزالىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تەلتۆكۈس ئۈزۈشى ئاسان ئەمەس، چۈنكى بۇ ئىلگىرى ئۇنى قوللىغان باشقا ھەربىي قوراللىق تەشكىلاتلارنى نارازى قىلىپ قويۇشى مۇمكىن.

ھالبۇكى، گەرچە تالىبان بىلەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مۇرەككەپ بولسىمۇ، شۇنىسى ئېنىقكى، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» مەسىلىسى خىتاينىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە تاقىشىدىغان بولغاچقا، ئەگەر بۇ مەسىلە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ئۇ خىتاي بىلەن ئافغانىستاننىڭ كەلگۈسى مۇناسىۋىتىگە توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن[2].

---

[2] بۇ «تالىبان ئۆز زېمىنىدىكى ئۇيغۇرلارنى تەلتۆكۈس بېسىقتۇرمىسا، بىزدىن كېلىدىغان پۇل ـ پۇچەك ۋە قوللاشتىن قۇرۇق قالىدۇ» دېگەن تەھدىتتۇر. ـ ت

**ئەسلى ماھىيىتى «تېرورلۇق»تۇر**

«تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى» دەپمۇ ئاتىلىدىغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» 2002 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشى تەرىپىدىن تېرورلۇق تەشكىلاتى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ خىتايدا مۇستەقىل «شەرقىي تۈركىستان» دۆلىتى قۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن زوراۋانلىق قىلىدىغان تەشكىلاتتۇر. ئۇ قۇرۇلغاندىن تارتىپلا، خەلقئارا تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى، بۇ خىتاينىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگىلا ئەمەس، يەنە يەر شارىۋى تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش تىرىشچانلىقىغىمۇ تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ[3].

خىتاي دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ئۈچۈر ئىشخانىسىنىڭ 2002 - يىلى 1 - ئايدا تارقاتقان ھۆججىتىگە كۆرە، 1990 - يىلىدىن 2001 - يىلىغىچە، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى «شەرقىي تۈركىستان» قورالىق ئۇنسۇرلىرى خىتايدا كەم دېگەندە 200 قېتىم تېرورلۇق ھۇجۇمى قوزغاپ، ھەر مىللەتتىن بولغان 162 نەپەر ئاھالە، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە دىنىي زاتلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ھەمدە 440 دىن ئارتۇق ئادەمنى يارىلاندۇرغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» چەتئەللەردە «تېرورچى»لارنى تەربىيەلەش بازىلىرىنى قۇردى، شۇنداقلا ئۆز ئەزالىرىنى خىتاينىڭ «شىنجاڭ» رايونىغا تېرورلۇق پائالىيەتلىرىنى پىلانلاش ۋە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ دوكلاتىغا كۆرە، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ئەزالىرىنىڭ ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىگە، جۈملىدىن بىشكەكتىكى باش ئەلچىخانىسىغا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغانلىقىغا ئائىت پاكىتلارمۇ مەۋجۇت.

لى ۋېي مۇنداق دېدى: «‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى›نىڭ خاراكتېرى ۋە پائالىيىتى جەھەتتە تېرورلۇق تەشكىلاتى ئىكەنلىكى شەكسىز. ئۇ خىتاي ۋە ئەتراپتىكى دۆلەتلەردە تېرورلۇق ھۇجۇمنى پىلانلىدى ۋە ئېلىپ باردى. «شام ۋە ئىراق ئىسلام دۆلىتى» جانلانغان مەزگىللەردە، ‹شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى› تەرىپىدىن كۈشكۈرتۈلۈپ، ‹يەر شارىۋى جىھاد›قا قاتنىشىش ئۈچۈن خىتايدىن ئايرىلغان كىشىلەرنىڭ سانى 5000 غا يېتىدۇ».

لى ۋېينىڭ سۆزى خىتاي دۆلەتلىك تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارى لى جۈن 2015 - يىلى 5 - ئايدا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ئىتتىپاقى مۇنبىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچۈرلار بىلەن

---

[3] خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى «تېرورلۇق» قالپىقى ئاستىدا باستۇرۇش ئۈچۈن، ئاتالمىش خەلقئارالىق «تېرورلۇق» تورىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە كۆرسىتىپ، خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش نەيرىڭى شان روبېرتسىنىڭ «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش» دېگەن كىتابىدا ئىنتايىن تەپسىلىي يورۇتۇپ بېرىلگەن. مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ژۇرنىلىمىزدا ئۇلاپ بېسىلىۋاتىدۇ.

بىردەكلىككە ئىگە. لى جۈن (ئەينى چاغدا) مۇنۇلارنى كۆرسەتكەندى: «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ تور تەشۋىقاتى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى نەتىجىسىدە، بىر قىسىم «ئاشقۇن»لار خىتاينىڭ يۇننەن، گۇاڭشى ئۆلكىلىرى ئارقىلىق چېگرادىن قانۇنسىز ئۆتۈپ، يەرلىك قارا گورۇھلارنىڭ ياردىمى بىلەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە كىرگەن، ئاندىن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ئەزالىرىنىڭ ياردىمىدە ساختا كىملىك بىلەن تۈركىيەگە قاراپ ئۇچقان. ئاخىرىدا، سۈرىيە ـ تۈركىيە چېگراسى ئارقىلىق سۈرىيەگە كىرىپ ئۇرۇشقا قاتناشقان[4].

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» ــــ «شەرقىي تۈركىستان» تېرورلۇق كۈچلىرى ئىچىدىكى ئەڭ خەتەرلىك تېرورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرىدۇر. 2003 ـ يىلى، خىتاي «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى»، «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيى» ۋە «شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزى» قاتارلىقلارنى تېرورلۇق تىزىملىكىگە كىرگۈزگەندى[5].

بۇنىڭدىن سىرت، «شەرقىي تۈركىستان» تېرورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ نۇرغۇنى 2001 ـ يىلدىن باشلاپ «ئۆزگىرىش»كە ئۇرۇنۇپ كەلدى. شۇنداقلا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ ئەزالىرى ئامېرىكا ۋە غەربنىڭ قوللىشى بىلەن ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى قۇردى ۋە پائالىيەتچى سۈپىتىدە ئۆزىنى ئاقلىدى. ئۇلار «شىنجاڭ»دىكى مىللىي توقۇنۇش ۋە زوراۋانلىقنى كۆشكۈرتۈپ، خىتاينىڭ «شىنجاڭ»دىكى سىياسىتىنى «مىللىي باستۇرۇش» دەپ ئىنكار قىلدى ۋە ئامېرىكانىڭ گېئوپولىتىك سىياسىتىگە ماسلىشىپ، «شىنجاڭ»غا مۇناسىۋەتلىك «كىشىلىك ھوقۇق» مەسىلىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

مەسىلەن، 2004 ـ يىلى قۇرۇلغان ئامېرىكادىكى خىتايغا قارشى تەشكىلات بولغان «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» (WUC) خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن «تېرورلۇق تەشكىلاتى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيى»دىن (WUYC) ئۆزگەرگەن. «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ رەھبىرى دولقۇن ئىيسامۇ «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيى»دىن چىققان.

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ قوراللىق ئۇنسۇرلىرى ئىراق ۋە سۈرىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان. جۇ يوڭبياۋنىڭ «يەرشارى ۋاقىت گېزىتى»گە ئېيتىشىچە، ئۇلار ئۆز كىملىكىنى پەردازلاپ، گېرمانىيە، تۈركىيە قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىدە، شۇنداقلا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى بىر

---

[4] خىتاينىڭ ئۆز گېپىنى مەنبە سۈپىتىدە كۆرسەتكەن بۇ بايانلىرى توغرىسىدىمۇ «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش» ناملىق ئەسەردىكى رەددىيەلەرنى ئوقۇپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

[5] مەزكۇر تەشكىلات ۋە ئورگانلارنىڭ «قوراللىق»، «قوراللىسىز» دەپ ئايرىلماستىن، ئۇيغۇرلارغا چېتىشلىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا خىتاي تەرىپىدىن «تېرورلۇق» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەنلىكى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى «تېرورچى» مىللەت سۈپىتىدە قارىلاش ۋە شۇ باھانىدە تەلتۆكۈس يوقىتىش غەرىزىنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىلىرىدىن بىرىدۇر.

قىسىم دۆلەتلەردىكى ئامىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئەزاسى ياكى «كىشىلىك ھوقۇق» پائالىيەتچىسى بولۇۋالغان.

جۇ يوڭبياۋ يەنە مۇنداق دېدى: بۇ ئەزالار مەيلى قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خىتاينىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. گەرچە ئۇلار «شىنجاڭ» رايوننى خىتايدىن ئايرىۋېتەلمىسىمۇ، ئەمما يەنىلا دۆلەت ئىچىدىكى ئاشقۇن ئۇنسۇرلارنى تېرورلۇق ھۇجۇمى قوزغاشقا قۇترىتىشى مۇمكىن.

ئۇنداقتا، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»دىن ئىبارەت تېرورلۇق تەشكىلاتىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش نېمىشقا شۇنچە قىيىن؟ نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەرگە كۆرە، ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى غەرب بىلەن ئامېرىكا قوللانغان قوش ئۆلچەمدۇر.

ئامېرىكا ۋە غەرب خىتاينىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇنۇشىنى قەستەن بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈپ، خىتاينى (ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت) كونكرېت كىشىلەر توپىنى نىشانلىدى دەپ ئەيىبلىدى.

2003 ـ يىلى، ئامېرىكا تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش بايرىقى ئاستىدا ئىراققا تاجاۋۇز قىلدى. بۇ ئۇنىڭ «تېرورلۇققا قارشى مۇجادىلىسى»نىڭ پەقەتلا ئامېرىكاچە دېموكراتىيە ۋە قىممەت قاراشلارنى بازارغا سېلىشنىڭ باھانىسى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. شۇنداقلا، بۇ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ تېرورچىلىرىغا ئۈمىد بېغىشلىدى. چۈنكى، لى ۋېينىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنى نىشانغا ئالغان مۇددەتتە، غەربنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى.

ئامېرىكانىڭ نېمىلەرنى قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ تېرورلۇق خاراكتېرىنى، شۇنداقلا تېرورلۇق تەشكىلاتلىرى خىتايغا ۋە دۇنياغا ئېلىپ كېلىدىغان ئەمەلىي تەھدىتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

(ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى)

مەنبە:

https://www.globaltimes.cn/page/202109/1234477.shtml


مىسلىسىز ئويغىنىش
ۋاقىت باشقۇرۇش ۋە ئۇتۇق
براين چېيسى

# ۋاقىت باشقۇرۇش: كەسپىي ئىقتىدار ۋە ئۇتۇق

براين چېيسى

**«مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئالامىتى ـــ خىزمەتنى سىزدىن كۆتۈلگەندىنمۇ كۆپ ۋە ياخشى قىلىشىڭىزدۇر»**

**ـــ ئوگ ماندىنو (Og Mandino)**

**يادرولۇق ئىقتىدارنى كۈچەيتىش شەخسىي ئۈنۈمدارلىق پىرىنسىپلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن. خىزمىتىڭىزنى قۇسۇرسىز ئادا قىلالاش ئۈچۈن، ئۆگىنىشىڭىز كېرەك بولغان نەرسىلەرنى چوقۇم ياخشى ئۆگىنىڭ. مۇئەييەن بىر تېپتىكى «پاقا»نى يېيىشكە قانچىلىك ماھىر بولسىڭىز، ئۇ ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىشىڭىزمۇ شۇنچە ئاسانغا توختايدۇ.**

**كېچىكىشنىڭ ۋە سۆرەلمىلىكنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تۈپ سەۋەبلىرىدىن بىرى، ئىشنىڭ مەلۇم بىر يادرولۇق قىسمىدىكى ئىقتىدار يېتەرسىزلىكى، ئۆزگە بولغان ئىشەنچسىزلىك ياكى ئىقتىدارسىزلىق تۇيغۇسىدۇر. نوقۇل بىرەر جەھەتتە بولسىمۇ، ئۆزىنى ئاجىز ياكى يېتەرسىز ھېس قىلىش، ئىشنى باشلىماسلىققا سەۋەب بولالايدۇ.**

**نەتىجىسى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان جەھەتلەردىكى ئىقتىدارىڭىزنى ئىزچىل ھالدا كۈچلەندۈرۈڭ. شۇنى ئۇنۇتماڭكى، بۈگۈن قانچىلىك مۇنەۋۋەر بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، بىلىملىرىڭىز ۋە ماھارەتلىرىڭىز تېز سۈرئەتتە كونىرىماقتا. ۋاسكېتبول مەشقاۋۇلى پات رىلېينىڭ (Pat Riley) ئېيتقىنىدەك، «كۈچەيمەسلىك ئاجىزلاشقانلىقتۇر».**

**ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنىڭ ئەڭ كارغا كېلىدىغانلىرىدىن بىرى، ھالقىلىق ۋەزىپىلەرگە ئالاقىدار ئىقتىدارىڭىزنى ئۈزلۈكسىز تاكامۇللاشتۇرۇشقا ئىنتىلىشتۇر. ۋاقىت تېجەمەكچى بولسىڭىز، بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى شەخسىي ۋە خىزمەت ئىقتىدارىڭىزنى يۇكسەلدۈرۈشتۇر. ھالقىلىق ۋەزىپىلەرنى قانچە ياخشى تاماملىيالىسىڭىز، ئۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئىستىكىڭىزمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. قانچە مۇنەۋۋەر بولغانسېرى، ئېنېرگىيەڭىز ۋە ئىستىكىڭىزمۇ شۇنچە ئاشىدۇ. بىر ئىشنى ياخشى قىلالايدىغانلىقىڭىزنى بىلسىڭىز، ئۇنى ئارقىغا سۆرىمەسلىك ۋە ھەرقانداق شارائىتتا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تاماملاش ئېھتىماللىقىڭىز شۇنچە زورىيىدۇ.**

**بىرەر تال پايدىلىق ئۇچۇر ياكى بىر يېڭى ھۈنەر سىزنىڭ مۇئەييەن ئىشنى ئوڭۇشلۇق تاماملاش قابىلىيىتىڭىزنى ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە ئاشۇرالايدۇ. ئۆزىڭىز قىلغان ئىشلارنىڭ قايسىنىڭ ئەڭ مۇھىم**

ئىكەنلىكىنى بېكىتىڭ ۋە ئارقىدىن شۇ ساھەدىكى ئىقتىدارىڭىزنى ئۆزلۈكسىز كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بىر پىلان تۈزۈڭ.

پىرىنسىپ: «ھەرقانداق ساھەدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئەڭ تۆۋەن شەرتى، ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىشتۇر».

ھېچبىر ساھەدە سىزگە توسالغۇ بولىدىغان بىر ئاجىزلىقىڭىزنىڭ ياكى ماھارەت جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىڭىزنىڭ بولۇشىغا يول قويماڭ. خىزمەت ھاياتىدا ئۆگەنگىلى بولمايدىغان ھېچبىر ئىش يوق. شۇنداقلا، شۇنىسى شەكسىزكى، باشقىلار ئۆگىنەلىگەن نەرسىلەرنى سىزمۇ چوقۇم ئۆگىنەلەيسىز.

تۇنجى كىتابىمنى يېزىشقا باشلىغاندا، ئۆزۈمدىن تولىمۇ ئۈمىدسىزلەنگەنىدىم، چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا كونۇپكا تاختىسىدا پەقەت بىر بارماق بىلەنلا خەت يازالايتتىم. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، 300 بەتلىك بىر كىتاب يېزىپ، ئارقىدىن ئۇنى تۈزىتىش ئۈچۈن، ئون بارماقتا خەت ئۇرالىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

شۇنىڭ بىلەن، مەن كونۇپكا تاختىسىدا ئون بارماقنى ئىشلىتىشنى ئۆگىتىدىغان بىر پروگراممىنى سېتىۋالدىم ۋە ئۇدا ئۈچ ئاي، كۈندە يىگىرمە ـ ئوتتۇز مىنۇتتىن قول كۆندۈرۈش مەشقى قىلدىم. شۇنداق قىلىپ، ھەر مىنۇتتا قىرىقتىن ئەللىككىچە سۆز يازالايدىغان بولدۇم ۋە نەتىجىدە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نەشر قىلىنغان بىر مۇنچە كىتابنىڭ ئاپتورىغا ئايلاندىم.

شۇنى ئۇنۇتماڭكى، تېخىمۇ ئۈنۈمدار ۋە ھوسۇلدار بولۇش ئۈچۈن، ئۆزىڭىزگە كېرەكلىك بولغان تۈرلۈك ماھارەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنەلەيسىز. زۆرۈر تېپىلسا، ئون بارماق بىلەن خەت ئۇرالايدىغان بولۇشمۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس. ھەتتا، كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسى، پەۋقۇلئاددە نادىر سۆھبەت مۇتەخەسسىسى ياكى كەم تېپىلىدىغان سېتىش ماھىرىمۇ بولالايسىز. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا سۆز قىلىشنى ۋە چىرايلىق خەت يېزىشنى ئۆگىنەلەيسىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىز ئۆگىنەلەيدىغان ماھارەتلەردۇر. سىز پەقەت بۇنىڭغا بەل باغلىسىڭىزلا كۇپايە.

ھەركۈنى كەم دېگەندەك بىر سائەتنى ئۆز ساھەيىڭىزگە ئالاقىدار كىتاب ئوقۇشقا ئاجرىتىڭ. ئەتىگەندە بىرئاز بالدۇرراق ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ۋە قىلىۋاتقان ئىشىڭىزدا ئۈنۈمدارلىقىڭىزنى تېخىمۇ ئاشۇرىدىغان كىتابلار ياكى ژۇرناللارغا يېرىم سائەتتىن بىر سائەتكىچە ۋاقىت ئاجرىتىڭ.

ئۆزىڭىزگە ئەسقاتىدىغان كەسپىي ماھارەتلەرنى ئۆگىتىدىغان كۇرسلارغا ۋە لېكسىيەلەرگە، كەسپىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىڭ. شۇنداقلا، يۇقىرى سەۋىيەلىك مەشىق ۋە ئۆگىنىش پۇرسەتلىرىنىمۇ ھەرگىز قولدىن بەرمەڭ. بۇنداق سورۇنلاردا، ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرۇپ، ئەستايىدىل خاتىرە قالدۇرۇڭ. ئالاقىدار

پروگراممىلارنىڭ ئۈن - سىن ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىڭ. ئۆزىڭىزنى شۇ ساھەدىكى ئەڭ بىلىمدار، ئەڭ قابىل ئىنسانغا ئايلاندۇرۇشقا بەل باغلاڭ.

ئاخىرىدا، بىر تەرەپتىن ماشىنا ھەيدىگەچ (ئاپتوبۇس، تراموايلاردا ماڭغاچ) سېتىۋالغان ئاۋازلىق ماتېرىياللارنى تىڭشاڭ. ئامېرىكادا ماشىنىسى بارلار ھەرىيلدا 500 سائەتتىن ماڭ سائەتكىچە بولغان ۋاقتنى يولدا ماشىنا ھەيدەش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. نېمە ئۈچۈن بۇ ۋاقىتنى خۇددى دەرس سائەتلىرىدەك ئۆتكۈزمەيسىز؟ ماشىنا ھەيدەش جەريانىدا تىڭشىغان كەسپىي ئۇچۇرلار ئارقىلىق ساھەيىڭىزدىكى ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ قابىل ۋە ئەڭ كۆپ مائاش ئالىدىغان كىشى بولالايسىز.

قانچە كۆپ نەرسە ئۆگەنسىڭىز ۋە بىلسىڭىز، ئۆزىڭىزگە شۇنچە ئىشىنىدىغان ۋە شۇنچە ئىنتىلىشچان بولىسىز. قانچە مۇنەۋۋەرلەشكەنسېرى، ئىقتىدارىڭىز شۇنچە كۈچىيىدۇ، كەسپىي ساھەيىڭىزگە قوشىدىغان تۆھپىڭىزمۇ شۇنچە زور بولىدۇ.

قانچە كۆپ ئۆگەنگەنسېرى، ئۆگىنەلەيدىغان نەرسىڭىزمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. خۇددى جىسمانىي چېنىقىش ئارقىلىق بەدەن مۇسكۇللىرىڭىزنى چېنىقتۇرالىغىنىڭىزدەك، زېھنىي چېنىقىش ئارقىلىقمۇ زېھنىي قۇۋۋىتىڭىزنى كۈچلەندۈرەلەيسىز. زېھنىڭىزدا بىرەر توسالغۇ بولمىغانلا ئەقدىردە، قانچە كۆپ ۋە قانچە تېز ئىلگىرىلىيەلەيدىغانلىقىڭىزنىڭمۇ چېكى يوقتۇر.

ئۇ «پاقا»نى يەۋېتىڭ

نىشانىڭىزنى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ سۈپەتلىك تاماملىشىڭىزغا تۈرتكە بولىدىغان، ئەڭ ئۈنۈملۈك ھالقىلىق ئىقتىدارنى تېپىپ چىقىڭ. چوقۇم قايسى خىل يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى ھازىرلىشىڭىز كېرەكلىكىنى بەلگىلەڭ. مەزكۇر يادرولۇق رىقابەت كۈچى كەلگۈسىدە سىزنىڭ كەسپىي ساھەدە ئۆزۈپ چىقىشىڭىزغا ياردەم قىلىدۇ. بۇ ئىقتىدارلارنىڭ كونكرېت نېمىلەردىن ئىبارەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم نىشان بېكىتىشىڭىز، پىلان تۈزۈشىڭىز، شۇ ساھەدىكى ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشىڭىز ۋە يۈكسەلدۈرۈشىڭىز، چامىڭىزنىڭ يېتىشىچە ئەڭ ياخشى قىلىشقا تىرىشىشىڭىز كېرەك.

ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرنى لاياقەتلىك ئورۇنداش ئۈچۈن، شەخسىي پىلان تۈزۈپ، پۇختا تەييارلىق قىلىشىڭىز كېرەك. ئۆزىڭىزدە بار بولغان ئالاھىدە تالانتلارغا ۋە ئۆزىڭىز ئالاھىدە قىزىقىدىغان ساھەلەرگە ئەھمىيەت بېرىڭ. بۇ يوشۇرۇن ئىقتىدارنى قېزىشنىڭ ئەڭگۈشتىرىدۇر.

«ئۇ پاقىنى يەۋېتىڭ» ناملىق كىتابتىن ھېمكەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى




# ئىككىنچى قېتىملىق ئۇيغۇر سوتى ھەققىدىكى تەسىراتلار

جەۋلان ئۇيغۇر

# ئىككىنچى قېتىملىق ئۇيغۇر سوتى توغرىسىدىكى تەسىراتلار

جەۋلان ئۇيغۇر

ئىككى قېتىملىق ئۇيغۇر سوتى ناھايىتى ئۇتۇقلۇق بولدى. بۇ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر تارىخىدا يۈز بەرگەن زور تارىخىي غەلىبە بولدى، بۇ سوتتىن ساپ نىيەتلىك دەۋاچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىلھام ۋە مەدەت ئالغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

سوتنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئىككى قېتىملىق سوت خىتاينىڭ مىلياردلاپ پۇل خەجلەپ قىلىۋاتقان رەڭۋاز ئويۇنلىرى ۋە تەشۋىقاتلىرىغا بېرىلگەن كۈچلۈك زەربە بولدى. سوت ئارقىلىق شۇنى كۆرۈپ يەتتۇقكى، خىتاي ئۇستىدىن شىكايەت قىلىۋاتقانلار نەچچە ئونلىغان لاگېر شاھىتلىرىلا بولماستىن، بەلكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ پروفېسسورلىرى، داڭلىق تەتقىقاتچىلار، ھەر ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرى خەلقئارادا ۋە ئۆز خەلقى ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغايدۇ. بۇ ھەم خىتاينىڭ ھەر قانداق تەشۋىقات فىلىملىرىنى، سەھنىلىرىنى ۋە ئۇ يەر - بۇ يەردىن سېتىۋالغان ياللانما چەتئەللىكلەرنىڭ تەشۋىقاتلىرىنى بېسىپ چۈشىدۇ. خىتاي ۋە خىتاي ياللانمىلىرىنى قاتتىق بىئارام قىلىدۇ.

بۇ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلارنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق يەكۈنىنىڭ تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەردە ئېتىراپ قىلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. نومۇسسىز ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەيلى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردە بولسۇن، ياكى ئۆز خەلقى ئىچىدە بولسۇن، ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. بىز دۇنيادا ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئىنسانىي ۋىجدانى بارلارنىڭ يەنىلا كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

بىرىنچى قېتىملىق سوتتا ئاياللارنىڭ كۆز يېشىغا كۆپلەپ شاھىت بولغان ئىدۇق، ئىككىنچى سوتتا ئۈچ قازاق شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقىمۇ چوڭ تەسىر قوزغىدى، بەستىلىك، قاۋۇل ئەزىمەتلەر ئۆز بېشىغا كەلگەن زۇلۇم، خورلۇقلارنى سۆزلىگەندە چەكسىز غەزەپ - نەپرەت بىلەن بايان قىلغان بولسا، ئۆز ئەتراپىدا سادىر بولغان پاجىئەلەرنى سۆزلىگەندە كۆز - ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى. يىگىتنىڭ كۆز يېشى ئوڭاي يەردىن چىقمايدۇ، ئۇلار گۇۋاھلىقتىن بۇرۇن ئۇزۇن ئويلىنىپ، ئىدىيەدە تەييارلىق قىلغان بولسىمۇ ئاخىرى يەنىلا ئۆزلىرىنى توختىتالمىدى .

بۇ قېتىمقى گۇۋاھلىق ئارقىلىق كاللىمىز تېخىمۇ سەگەكلەشتى، نەزەر دائىرىمىز كېڭەيدى، بىر مۇنچە يېڭى ئىدىيەلەر ھاسىل بولدى. سوت جەريانىدا بىز تېخى چوڭقۇرلاپ بولالمىغان نۇرغۇن چۈشەنچىلەر داڭلىق تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرى دۇنيادىكى ئۇيغۇر مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ۋەزىيىتىنى ھەر تەرەپلىمە چۈشىنىشىنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى دېيىشكە بولىدۇ. دۇنيادا ئۇيغۇر مەسىلىسى ئۈچۈن تەشكىللىنىۋاتقان پىدائىيلار توپىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ۋىجدانلىق ئىنسانلارنى بۇ سەپكە جەلپ قىلىشىغا ئىشىنىمىز.

سوتتىن ئالغان تەسىراتلىرىم تۆپەيلى پەيدا بولغان بەزى تەكلىپلىرىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىپ باقاي، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى تەكلىپلەرنى بېرىشىگە تۈرتكە بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىدىم بار.

گەرچە يۇقىرىقىدەك ئىجابىي پىكىرلەر كۆپلەپ مەيدانغا چىقىشقان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن مېنى ئويغا سالغان مەسىلە ـــ ئۇيغۇرلارنىڭ كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىگە بولغان ھەر بىر قېتىملىق قارشىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارىتا كۆز قاراش جەھەتتىكى ئېنىقسىز مەسىلىلەرنىڭ يەنىلا كۆپلۈكى بولدى. تيەنئەنمېندا ئەر ـ ئايال، قېينانا ئۈچ ئادەمنىڭ ماشىنىدا كۆيدۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسىدە 18 ئادەم ئۆلگەن دېيىلدى، كۇنمىڭ پويىز ئىستانسىسى ۋەقەسىنى ئۇيغۇرلار قوزغىغان تېررورلۇق ۋەقەسى دېيىلدى، 5 ـ ئىيۇل ۋەقەسىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىن نۇرغۇن ئۇيغۇرلار كېلىپ قاتناشقان دېيىلدى، بۇ ۋەقەلەر سادىر بولغاندىن كېيىن خىتايلارنىڭ تەشۋىقاتىدىكى گەپ ـ سۆزلىرىمۇ جەمئىيەتتىكى ئىنكاسلارغا قاراپ نەچچە خىل ئۆزگىرىپ تۇرغان ئىدى. جەنۇبتىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۈرۈمچىگە ۋەقە تۇغدۇرۇش ئۈچۈن كەلمىگەن، بەلكى خېلى يىللار ئىلگىرىلا جان بېقىش ئۈچۈن كەلگەنلەر بولۇپ، خىتايلارنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بوزەك ئېتىش ۋە خورلاشلىرىغا ئەڭ قاتتىق ئۇچرىغانلار ئىدى. 2016 ـ يىلدىن بۇرۇنمۇ خىتايلارنىڭ قايسى سىياسەتلىرىنىڭ، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغانلىقى توغرىلىقمۇ يېتەرلىك چوڭقۇر تەتقىقات يوق. بۇ سوئاللار جاۋابسىز قالدى.

يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەر توغرۇلۇق تەتقىقاتچىلارنى يەنىمۇ كۆپ ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەشكە مەجبۇرمىز، خىتاي مەنبەلىرىدە ئۇيغۇر مەسىلىسى بۇرمىلىنىپ چۈشەندۈرۈلگەن ۋە تاقابىل تۇرۇش چارىلىرى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلىشىگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ، بەزى تەتقىقاتچىلار گەرچە خىتايغا ۋە شەرقىي تۈركىستانغا بىر نەچچە قېتىم بارغان بولسىمۇ، تۇرغان ۋاقتى قىسقا، ئالاقىلىشىش دائىرىسى چەكلىك بولغىنى، ئەڭ مۇھىمى ئۇ يەردە ياشاپ شۇ سىياسەتلەرنىڭ تەسىرىگە بىۋاستە ئۇچرىمىغانلىقى ئۈچۈن، تەسىراتى ئومۇمىيۈزلۈك بولالمايدۇ. خىتاينىڭ ئىچكى سىياسىي قۇرۇلمىلىرى، كادىرلار قۇرۇلمىسى، تەشكىلىي قۇرۇلمىسى، بىخەتەرلىك قۇرۇلمىسى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر توغرۇلۇق تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر تەتقىقاتلارنى قانات يايدۇرۇشقا ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەشكە توغرا كېلىدىكەن.

سوت جەريانىدا نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھېس قىلدۇق، سودىيەلەر ئوخشىمىغان ساھەلەردىن چىققان بولغاچقا، ئۇلار ھەر بىر گۇۋاھچىدىن ئۆز ساھەسى بويىچە ئۆزلىرى ئېرىشمەكچى بولغان ئۇچۇرلارغا دائىر سوئاللارنى سورىدى. گۇۋاھچىلىرىمىز كۆپرەك جەريان توغرىسىدا توختالدى، لېكىن سودىيەلەر بۇ ئىشلار نېمە ئۈچۈن سادىر بولدى؟ ياكى بولىدۇ؟ مەقسىتى نېمە؟ دېگەندەك ئىشنىڭ ماھىيىتىنى، ئارقا كۆرۈنۈشىنى ۋە يۇقىرى - تۆۋەندىكى ئۆزئارا باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتلەرنى كۆپرەك سورىدى. بىز چوڭ ۋەقەلەرگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىدىكەنمىز، لېكىن سوتتا سورالغان سوئاللاردا بىز ئويلانمىغان ئاددىي كۆرۈنگەن ئىشلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈندى. ئەلۋەتتە بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى شۇ ساھەنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ئۈچۈن مەلۇم بىر مەسىلىدە بۆسۈش ئېغىزى ياكى توغرا يەكۈن چىقىرىشتا پايدىسى بولۇشى مۇمكىن.

دېمەك، چوڭ تەتقىقات ماقالىلىرىنى يازالمىساقمۇ، ئۆز ھاياتىمىزدا گۇۋاھ بولغان ئىشلارنى، خىتاي سىياسىتىدىن كېلىپ چىققان ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىمۇ، ئۇششاق ئىش دېمەي، ئەمەلىي پاكىتلىرى بىلەن تەمىنلەش كېرەك ئىكەن. مەيلى سوتتا بولسۇن ياكى ئاخبارات ساھەسىگە بولسۇن، تەتقىقاتچىلارغا بولسۇن ھەر خىل دەۋەتلەر، ئوبزورلار، پاكىت بولالمايدىكەن. سادىر بولغان ئىشلارلا پاكىت بولىدىكەن. تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرەر ئۇيغۇر بىلەن بىرەر قېتىم كۆرۈشكەندە دېيىلگەن ئەمەلىي كەچۈرمىشلىرىمۇ پاكىت بولىدىكەن. پايدىلىنىش قىممىتى بولغان ماتېرىياللارنى ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلالمىساق، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىگە ياكى ئەركىن سىدىقىقا ئوخشاش مەسئۇلىيەتچان پائالىيەتچىلىرىمىزگە يوللاپ بەرسەكمۇ ياكى ئۇلاردىن مەسلىھەت ئالساقمۇ بولىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەملىكە قىلىنغان زېمىن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش مەسىلىسىدە، ئامېرىكا سىياسىيونلىرىدىن ئۈمىد كۈتكەن ئىدىم، ئالدى بىلەن بىرەر پارلامېنت ئەزاسىنىڭ بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك دەپ ئويلايتتىم. بۇ قېتىمقى سوتتا باشقا بىر ئىشنىڭ ئېچىلىپ قالدى، ئايرىم تەتقىقاتچىلارنىڭ، تارىخچىلارنىڭ بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە ئاكادېمىيەلەرنىڭ بۇ يېپىنى قويۇۋەتمەي، بۇنداق تەتقىقاتچىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، كېلەر يىلى مۇۋاپىق پەيتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەملىكە قىلىنغان زېمىن ئىكەنلىكى توغرۇلۇق خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىشنى ئويلىشىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇ تەتقىقاتنى جانلاندۇرۇش لازىم، ئەگەر مۇشۇنداق بىر ئاتموسفېرانى يارىتالىساق، سىياسىيونلارنىڭ ئېغىز ئېچىشىغىمۇ ئوڭايلىق يارىتىلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، خىتاينىڭ باشقۇرۇش سىستېمىسى، خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە زامانىۋى ئىرقى قىرغىنچىلىق بىلەن ئەنئەنىۋى قىرغىنچىلىقنىڭ پەرقى، سىياسىي كۆچمەنلەر سىياستى، «ئىش - قۇر قىسىملىرى» (بىڭتۈەن) ۋە باشقا مەزمۇنلار توغرىسىدا، توردا مەخسۇس خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن. چۈنكى، بۇ مەزمۇنلار تەتقىقاتچىلار ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ھەم خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ماھىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردۇر.

مەن «ختايچە ئاپتونومىيە، بىگتۇەن ۋە سىياسىي كۆچمەنلەر» دېگەن ماقالەمدە، سىياسىي كۆچمەنلەر توغرىسىدا تولۇق بولمىسىمۇ، دەسلەپكى چۈشەنچەمنى يېزىپ ئېلان قىلغان ئىدىم، لېكىن بۇ ماقالە كەڭ تارقالمىدى. بەزى ئىدىيەلەر باشتا بىر ئاز چولتا بولۇپ قالسىمۇ، مۇكەممەل كۆز قاراشنىڭ روياپقا چىقىشىغا خېمىرتۇرۇچ بولالايدۇ، مۇھىمى ئىشنى باشلاش بولۇپ، ئىزدەنسەك ئاستا ـ ئاستا مۇكەممەللىشىدۇ. سوت جەريانىدا بىر نەچچە يەردە ختاي كۆچمەنلەر مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى، لېكىن سىياسىي كۆچمەن ئاتالغۇسى تىلغا ئېلىنمىدى، بۇ مېنى بىئارام قىلدى. يۇقىرىقى تەۋسىيەلەر ئۆزىمىزگە قارىتىلىپ ئېيتىلدى، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنى سەن مۇنداق دېمىدىڭ دەپ ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. ئۇلارنى پاكىتلار بىلەن تەمىنلەپ قولىمىزدىن كېلىشىچە قوللىشىمىز لازىم. مۇھاجىرەتتە ختايدا خېلى مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلىپ چەتئەللەردە ھېلىغىچە ختايدىن ئۆمىدىنى ئۈزەلمەي جان ساقلاۋاتقان ئىنسانلار خېلى بار، ئەسلىدە بۇلارمۇ ختايدىن كېلىدىغان (ھەتتا، كېلىشى مۇمكىن بولمىغان) ئازغىنە مەنپەئەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، قولىغا قەلەم ئېلىشى كېرەك ئىدى.



# تېرە ساغلاملىقنى ئاسراشتىكى زۆرۈر بىلىملەر

تايلور جونس

# تېرە ساغلاملىقىنى ئاسراشتىكى زۆرۈر ئوزۇقلۇقلار

تايلور جونېس

ئوزۇقلۇق ساغلاملىق ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. ساغلام بولمىغان ئوزۇقلۇق ئادىتى مېتابولىزمىڭىزغا زىيان سېلىپ، سىزنى سەمرىتىۋېتىدۇ، ھەتتا يۈرەك، جىگەر قاتارلىق ئەزالىرىڭىزنىمۇ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

ئەمما، يېگەنلىرىڭىز بەدىنىڭىزدىكى يەنە بىر ئەزاغا، يەنى تېرىگىمۇ تەسىر قىلىدۇ.

تەتقىقاتچىلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتى ۋە بەدەن توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى چوڭقۇرلاشقانسېرى، يېگەن نەرسىلەرنىڭ تېرىنىڭ ساغلاملىقى ۋە قېرىشىغا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى بارغانسېرى ئايدىڭلاشماقتا.

بۇ ماقالىدە تېرىڭىزنىڭ ساغلاملىقىغا ئەڭ پايدىلىق بولغان 12 خىل يېمەكلىك قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## 1. مايلىق بېلىق

سالمون بېلىقى، ماكېرېل بېلىقى ۋە كۆك بېلىق قاتارلىق مايلىق بېلىقلار ساغلام تېرە ئۈچۈن تولىمۇ ئېسىل يېمەكلىكلەردۇر. ئۇلارنىڭ تەركىبىدە ساغلام تېرىنى ئاسراشتا مۇھىم بولغان ئومېگا - 3 ياغ كىسلاتاسى ناھايىتى مول.

تېرىنىڭ قېلىن، ئەۋرىشىم ۋە نەم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئومېگا - 3 ياغ كىسلاتاسى زۆرۈر. ئەمەلىيەتتە، ئومېگا - 3 ياغ كىسلاتاسى كەمچىل بولسا، تېرە قۇرغاقلىشىپ كېتىدۇ.

بېلىق گۆشى تەركىبىدىكى ئومېگا - 3 ياغلىرى قىزىرىش ۋە دانخورەك قاتارلىقلارغا سەۋەب بولىدىغان ياللۇغنى ئازايتىدۇ. ئۇلار ھەتتا تېرىنى قۇياشنىڭ زىيانلىق ئۇلترا بىنەپشە نۇرلىرىغا قارىتا چىدامچان قىلالايدۇ.

بەزى تەتقىقاتلاردا كۆرستىلىشىچە، بەدەنگە بېلىق مېيى تولۇقلاشنىڭ تەڭگە تەمرەتكە ۋە بۆرە چاقىسى قاتارلىق تېرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئۆزلۈكىدىن ئىممۇنىتلىنىدىغان ياللۇغ خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە قارشى تۇرۇشقىمۇ ياردىمى بولىدىكەن.

مايلىق بېلىقنىڭ تەركىبىدە ۋىتامىن E مۇ مول بولۇپ، بۇ تېرە ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئوكسىدلىنىشقا قارشى ماددىلارنىڭ بىرىدۇر.

تېرىنى ئەركىن رادىكال ۋە ياللۇغتىن ساقلاش ئۈچۈن يېتەرلىك ۋىتامىن E غا ئېرىشىش زۆرۈردۇر.

بۇ خىل دېڭىز مەھسۇلاتلىرى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تېرىنىڭ كۆچلۈكلىكى ۋە مۇكەممەللىكىنى ساقلاشتا زۆرۈر بولغان يۇقىرى سۈپەتلىك ئاقسىلنىڭمۇ مەنبەسىدۇر.

ئاخىرىدا، بېلىق سىنك بىلەن تەمىنلەيدۇ. سىنك تۆۋەندىكىلەرنى تەڭشەشتە كەم بولسا بولمايدىغان مىنېرال ماددىدۇر:

ياللۇغ

ئومۇمىي تېرە ساغلاملىقى

يېڭى تېرە ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى

سىنك كەملىك تېرىنىڭ ياللۇغلىنىشىغا، زەخىملىنىشكە ۋە تېرىدىكى جاراھەتنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنىڭ كېچىكىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

## 2. ئاۋوكادو

ئاۋوكادو تەركىبىدە مول مىقداردا ساغلام مايلار بار. بۇ مايلار بەدىنىڭىزنىڭ تېرە ساغلاملىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئىقتىدارلىرىغا پايدىلىق

بۇ مايلارنىڭ يېتەرلىك قوبۇل قىلىنىشى تېرىنىڭ ئېلاستىكىلىقىنى ۋە نەملىكىنى ساقلاشقا پايدىلىق.

700 دىن ئارتۇق كىشىگە قارىتىلغان تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، ئومۇمىي ماينىڭ ـــ بولۇپمۇ ئاۋوكادو تەركىبىدىكى ساغلام مايلارنىڭ ـــ قوبۇل قىلىنىش مىقدارىنىڭ يۇقىرى بولۇشى تېرىنى تېخىمۇ يۇمشاق ۋە ئېلاستىكىلىققا ئىگە قىلىدىكەن.

دەسلەپكى پاكىتلار يەنە ئاۋوكادونىڭ تەركىبىدە تېرىنى ئاپتاپنىڭ زىيىنىدىن ساقلايدىغان بىرىكمىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتمەكتە. (قۇياش نۇرىنىڭ تەركىبىدىكى) ئۇلترا بىنەپشە نۇر تېرىگە قورۇق چۈشۈرۈۋېتەلەيدۇ ۋە باشقا قېرىش ئالامەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايدۇ.

ئاۋوكادو تەركىبىدە يەنە مول مىقداردا ۋىتامىن E بار بولۇپ، ۋىتامىن E تېرىنى ئوكسىدلىنىشنىڭ زىيىنىدىن ساقلايدىغان مۇھىم ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۈرغۇچى ماددىدۇر.

قىزىقارلىق يېرى، ۋىتامىن C ۋىتامىن E بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەندە، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

ساغلام تېرە ئۈچۈن ۋىتامىن C مۇ كەم بولسا بولمايدۇ. چۈنكى، تېرىڭىز ۋىتامىن C ئارقىلىق كوللاگېن ئىشلەپچىقىرىشقا موھتاج بولۇپ، كوللاگېن تېرىڭىزنى كۈچلۈك ۋە ساغلام قىلىدىغان ئاساسلىق قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئاقسىلدۇر.

بۈگۈنكى كۈندە، ۋىتامىن C كەملىك ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنى بىلىپ قويۇش يەنىلا پايدىلىقتۇر. ۋىتامىن C كەملىكنىڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان ئالامەتلىرى تېرىنىڭ قۇرغاق، يېرىك، كېپەكلەشكەن، ئاسان ئىششىپ قالىدىغان بولۇپ قېلىشىدۇر.

ۋىتامىن C ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددا بولۇپ، تېرىڭىزنى قۇياش نۇرى ۋە مۇھىتتىن ئوكسىدلىنىش سەۋەبلىك قېرىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ.

100 گرام ياكى تەخمىنەن يېرىم تال ئاۋوكادو ئىستېمال قىلىش، كۈندىلىك زۆرۈر ۋىتامىن E مىقدارىنىڭ 14 پىرسەنتى، كۈندىلىك زۆرۈر ۋىتامىن C مىقدارىنىڭ 11 پىرسەنتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

3. ياڭاق

ياڭاقنىڭ ساغلام تېرە ئۈچۈن ئېسىل يېمەكلىك ھېسابلىنىدىغان نۇرغۇن خۇسۇسىيەتلىرى بار.

ئۇ تېرە ئۈچۈن زۆرۈر بولغان، شۇنداقلا بەدىنىڭىز ئۆزلۈكىدىن ھاسىل قىلالمايدىغان ياغ كىسلاتالىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك مەنبەسىدۇر.

ئەمەلىيەتتە، ياڭاقتىكى ئومېگا ـ 3 ۋە ئومېگا ـ 6 ياغ كىسلاتاسى باشقا كۆپ قىسىم شاكاللىق مېۋىلەردىكىگە قارىغاندا كۆپ بولىدۇ.

تەركىبىدە ئومېگا ـ 6 ياغلىرىنىڭ مىقدارى بەكلا يۇقىرى بولغان يېمەكلىكلەر ياللۇغقا، جۈملىدىن تەڭگە تەمرەتكە قاتارلىق تېرە كېسەللىكلىرىگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئومېگا ـ 3 ياغلىرى بەدەندىكى، جۈملىدىن تېرىدىكى ياللۇغنى ئازايتىدۇ.

ياڭاق تەركىبىدە بۇ خىل ياغ كىسلاتاسى كۆپ بولغاچقا، ئۇلار ئومېگا ـ 6 نىڭ ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان ياللۇغقا قارشى تۇرۇشى مۇمكىن.

تېخىمۇ مۇھىمى، ياڭاقتا تېرىنىڭ نورمال فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرۇشى ۋە ساغلاملىقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان باشقا ئوزۇقلۇق ماددىلارمۇ بار.

بىر ئۇنسىيە (28 گرام) ياڭاق كۈندىلىك زۆرۈر سىنىك قىممىتىنىڭ سەككىز پىرسەنتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سىنىك تېرىڭىزنىڭ بىر «توسما» سۈپىتىدە ئۆز ئىقتىدارىنى نورمال جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن زۆرۈردۇر. ئۇ يەنە جاراھەتنىڭ ئەسلىگە كېلىشى، شۇنداقلا باكتېرىيە ۋە ياللۇغقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈنمۇ زۆرۈردۇر.

ھەر ئۇنسىيە (28 گرام) ياڭاقتا 4 ـ 5 گرام ئاقسىلدىن باشقا، يەنە ئاز مىقداردا ئوكسىدلىنىشقا قارشى ۋىتامىن E ۋە سېلېن (selenium) بار.

## 4. گازىر

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شاكاللىق مېۋىلەر تېرىنىڭ مۇھىم ئوزۇقلۇق مەنبەلىرى بولۇپ، گازىر بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈرنەكلىرىدىن بىرىدۇر.

بىر ئۇنسىيە (28 گرام) ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقىدا كۈندىلىك زۆرۈر ۋىتامىن E مىقدارىنىڭ 49 پىرسەنتى، كۈندىلىك زۆرۈر سېلېن مىقدارىنىڭ 41 پىرسەنتى، كۈندىلىك زۆرۈر سىنىك مىقدارىنىڭ 14 پىرسەنتى ۋە 5.5 گرام ئاقسىل بار.

## 5. تاتلىق بەرەڭگە

بېتا كاروتىن ئۆسۈملۈكلەردە تېپىلىدىغان ئوزۇقلۇق ماددىدۇر.

ئۇ پىروۋىتامىن (ۋۇجۇدقا سىرتتىن قوبۇل قىلىنىدىغان، تۇرلۇك جەريانلاردىن كېيىن ۋىتامىنغا ئايلىنىدىغان ماددا، ت) A لىق رولىنى ئوينايدۇ، يەنى ئۇ بەدىنىڭىزگە كىرگەندىن كېيىن ۋىتامىن A غا ئايلىنالايدۇ.

بېتا كاروتىن ئاپېلسىندا، شۇنداقلا سەۋزە، پالەك، تاتلىق بەرەڭگە قاتارلىق كۆكتاتلاردا بولىدۇ.

تاتلىق بەرەڭگە ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك بېتا كاروتىن مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ، يېرىم ئىستاكان (100 گرام) قاقلانغان تاتلىق بەرەڭگىنىڭ تەركىبىدە كۈندىلىك زۆرۈر ۋىتامىن A مىقدارىنىڭ ئالتە ھەسسىسىدىن كۆپرەكىنى تەمىنلەشكە يەتكۈدەك بېتا كاروتىن بار.

بېتا كاروتىنغا ئوخشاش كاروتىنوئىدلار تەبىئىي ئاپتاپتىن ساقلىنىش مېيى رولىنى ئويناپ، تېرىنى ساغلام قىلىدۇ.

بۇ خىل ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۈرغۇچى ماددا ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن، تېرىگە سىڭىشىپ، تېرە ھۆجەيرىلىرىگىزنىڭ قۇياش نۇرىدىن قوغدىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ تېرىنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈشىنىڭ، تېرە ھۆجەيرىلىرىنىڭ ئۆلۈشىنىڭ، تېرىنىڭ قۇرغاقلىشىشىنىڭ ۋە تېرىگە قورۇق چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ.

**6. قىزىل ياكى سېرىق قاپاق مۇچ**

تاتلىق بەرەڭگىگە ئوخشاشلا، قاپاق مۇچتىمۇ ۋىتامىن A غا ئايلىنالايدىغان بېتا كاروتىن مىقدارى ئىنتايىن مول.

بىر ئىستاكان (149 گرام) توغرالغان قىزىل قاپاق مۇچنىڭ تەركىبىدە كۈندىلىك زۆرۈر ۋىتامىن A مىقدارىنىڭ 156 پىرسەنتىگە باراۋەر بېتا كاروتىن بار.

قاپاق مۇچ يەنە ئەڭ ياخشى ۋىتامىن C مەنبەلىرىنىڭ بىرىدۇر. ھالبۇكى، ۋىتامىن C تېرىنى جانلىق ۋە كۈچلۈك قىلىدىغان ئاقسىل كوللاگېننىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

بىر ئىستاكان (149 گرام) قاپاق مۇچ كۈندىلىك زۆرۈر ۋىتامىن C مىقدارىنىڭ 211 پىرسەنتىگە توغرا كەلگۈدەك ۋىتامىن C بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**7. گۈلكەرەم (Broccoli)**

گۈلكەرەمدە سىنك، ۋىتامىن A ۋە ۋىتامىن C قاتارلىق تېرە ساغلاملىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان نۇرغۇن ۋىتامىن ۋە مىنېرال ماددىلار بار.

ئۇنىڭدا يەنە بېتا كاروتىنغا ئوخشاش رول ئوينايدىغان «كىنانتوفىل» دېيىلىدىغان كاروتىنوئىد بار. كىنانتوفىل تېرىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى ۋە قورۇق چۈشۈشىگە سەۋەب بولىدىغان ئوكسىدلىنىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، گۈلكەرەمنىڭ چېچىكىدە يەنە سالفورافېين (sulforaphane) دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە بىرىكمە بار بولۇپ، بۇنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يوشۇرۇن پايدىلىرى بار. ئۇنىڭ ھەتتا تېرە راكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان راكلارغا قارشى تۇرۇش رولى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

**8. شوخلا**

شوخلىدا ۋىتامىن C مىقدارى ئىنتايىن مول. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ يەنە لىكوپپېن قاتارلىق ئاساسلىق كاروتىنوئىدلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بېتا كاروتىن، كىنانتوفىل ۋە لىكوپپېن تېرىنى ئاپتاپتىن قوغدايدۇ.

شوخلىنىڭ تەركىبىدە كاروتىنوئىد مول بولغاچقا، ئۇ تېرىنى ساغلام تۇتۇشتىكى ئېسىل يېمەكلىكتۇر.

(پەمىدۇرغا ئوخشاش) تەركىبىدە كاروتىنوئىد مول يېمەكلىكلەرنى (پىشلاق ياكى زەيتۇن يېغى قاتارلىق) ماي مەنبەلىرى بىلەن بىللە ئىستېمال قىلىڭ، چۈنكى ماي كاروتىنوئىدنىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## 9. پۇرچاق

پۇرچاق تەركىبىدە ئىزوفلاۋون (isoflavone) بار بولۇپ، بۇ بەدەندىكى ئېستروگېن (ئانىلىق ھورمونى)نى تەقلىد قىلالايدىغان ياكى توسيالايدىغان ئۆسۈملۈك بىرىكمىسىدۇر.

ئىزوفلاۋون تېرىڭىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن بەدەن ئەزالىرىڭىزغا پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن.

ئىزوفلاۋون بەدىنىڭىزدىكى ھۈجەيرىلەرنى زەخمىگە ئۇچراشتىن ساقلاپلا قالماي، يەنە تېرىڭىزنى ئۇلترا بىنەپشە نۇرنىڭ رادىئاتسىيەدىنمۇ قوغدايدۇ، بۇ بەلكىم بەزى تېرە راكىنىڭ خەۋپىنى تۆۋەنلىتەلىشى مۇمكىن.

## 10. قېنىق شاكىلات

شاكىلاتنىڭ ئاساسلىق تەركىبى بولغان كاكائونىڭ تېرىگە بولغان تەسىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

بىر تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، كۆچلۈك ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى قارا شاكىلاتتىن كۈنىگە 20 گرام يېگەندە، تېرىنىڭ ئۇلترا بىنەپشە نۇرغا بولغان چىدامچانلىقى ئىككى ھەسسىسىدىنمۇ كۆپ ئاشىدىكەن.

پايدىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈش ۋە قوشۇلغان قەنت مىقدارىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش ئۈچۈن تەركىبىدە كەم دېگەندە يەتمىش پىرسەنت كاكائو بار قېنىق شاكىلاتنى تاللاڭ.

## 11. يېشىل چاي

يېشىل چاي تېرىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە قېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى مۇمكىن.

يېشىل چايدا بايقالغان كۈچلۈك بىرىكمە كاتېخىن دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ نۇرغۇن جەھەتتىن تېرىنىڭ ساغلاملىقىغا پايدىلىق.

باشقا ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى يېمەكلىكلەرگە ئوخشاش، يېشىل چايمۇ تېرىنى ئاپتاپنىڭ زىيىنىدىن ساقلايدۇ.

يېشىل چاي يەنە تېرىنىڭ نەملىكى، يۇمرانلىقى، قېلىنلىقى ۋە ئېلاستىكىلىقىنى ياخشىلايدۇ.

گەرچە يېشىل چاي ساغلام تېرە ئۈچۈن ئەڭ ياخشى تاللاشلاردىن بىرى بولسىمۇ، ئەمما يېشىل چاينى سۈت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىشتىن ساقلىنىڭ، چۈنكى سۈتنىڭ يېشىل چاينىڭ ئوكسىدلىنىشقا قارشى تەسىرىنى ئازايتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار مەۋجۇت.

**12. قىزىل ئۈزۈم**

قىزىل ئۈزۈم تەركىبىدە رېزۋېراتول (resveratrol) بارلىقى بىلەن داڭلىق، رېزۋېراتول قىزىل ئۈزۈمنىڭ پوستىدىن چىقىدىغان بىرىكمىدۇر. رېزۋېراتولنىڭ ساغلاملىققا بولغان پايدىسى كۆپ دەپ قارىلىدۇ، شۇلاردىن بىرى قېرىشنىڭ تەسىرىنى ئازايتىشتۇر.

شۇڭا، مۇۋاپىق مىقداردا قىزىل ئۈزۈم يەپ بېرىشنىڭ تېرىگە ئىجابىي تەسىرى بار.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.healthline.com/nutrition/12-foods-for-healthy-skin#10.-Dark-chocolate


مىسلىسىز ئويغىنىش
شەرقىي تۈركىستان
دۇنيا ئەزەلدىن شاھىت بولۇپ باقمىغان ۋەھىمە
رۇس ئىنگرام

# شەرقىي تۈركىستان: دۇنيا ئەزەلدىن شاھىت بولۇپ باقمىغان ۋەھىمە

روۋس ئىنگرام

دۇنيانىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە ۋە تارىختىكى ھېچقانداق بىر مەزگىلدە، تېخنىكا بۇنداق مۇكەممەل، ھاكىممۇتلەق كۆزىتىش ۋە باستۇرۇش سىستېمىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ باقمىغاندى.

چاۋشيەننىڭ ۋە «قىزىل كخمېر» پارتىيەسىنىڭ (كامبودژانىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيە، ت) رەزىللىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن ئورۋېلچە نازارەت قىلىش سىستېمىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قۇملۇق ۋە يېزىلىرىنى قاپلىغان نەچچە يۈزلىگەن قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدىكى ھايات بىلەن لاگېر سىرتىدىكى ھاياتنى پەرقسىز ھالغا ئەكېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئۈستى ئوچۇق تۈرمىگە ئايلاندۇردى.

«مۇكەممەل ساقچى دۆلىتى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى جېفرىي كەيىننىڭ (Geoffrey Cain) لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا بەرگەن گۇۋاھلىقىغا كۆرە، خىتاينىڭ قولىدىكى نۇرغۇنلىغان تاجاۋۇزچى خاراكتېرلىك يېڭى تېخنىكىلار ئۇنىڭ پۇقرالارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى يېپىدىن يېڭىنىسىغىچە نازارەت قىلىشىغا شارائىت ھازىرلىغان.

خىتاي كومپارتىيەسى ئۆزىنىڭ ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇشى»دا، تىغ ئۇچىنى ئۆزىنىڭ غەربىي شىمال چېگراسىدىكى تەخمىنەن 15 مىليون ئەتراپىدىكى تۈركىي خەلقلەرگە، ياكى (ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى) يوشۇرۇن «تېررورچى» ۋە «ئاشقۇن»لارغا قاراتتى. شۇنداقلا، ئۇلارنى ئالاھىدە نازارەت قىلىش ئوبيېكتى قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك بارلىق پائالىيەتلىرىنى «كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان» ھالەتكە ئەكەلدى.

ئۇلار ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان ئاشۇ دەقىقىدىن باشلاپلا ــــ مەيلى ئۇلار ئالدا ئىشىكتىن ياكى ئارقا ئىشىك چىققان بولسۇن ـــ، ئۇلارنىڭ كىملەر بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقى، يولدا كىملەرگە ئۇچۇر يوللايدىغانلىقى ياكى تېلېفون قىلىدىغانلىقى، تېلېفونغا نېمىلەرنى چۈشۈرىدىغانلىقى ۋە كىمنىڭ ئۇلارغا ئۇچۇر قىلىدىغانلىقى قاتارلىقلار نازارەت قىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار بەش يىل ئىلگىرى تارتقان، ھەتتا شۇ چاغدىلا ئۆچۈرۈۋەتكەن سۈرەتلەر تۇيۇقسىز تەكشۈرۈش داۋامىدا ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈلۈشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ قەيەرگە بارغانلىقى، ئۇلار قاچانلاردىدۇر بارغان قەھۋەخانىلار ۋە رېستورانلار ۋە شۇ يەردە كىملەر

بىلەن بىللە ئۇلتۇرغانلىقى، ئۇلارنىڭ دۇكانلاردا نېمىلەرنى سېتىۋالغانلىقى، ئۆيلىرىگە كىملەرنىڭ كەلگەنلىكى، ئۇلار نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكى، ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنىڭ «خەتەرلىك» ياكى ئەمەسلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نازارەت قىلىنىدۇ، تەكشۈرۈلىدۇ ۋە تىزىملىنىدۇ، ئاندىن دۆلەت بۇ ئۇچۇرلاردىن ئۆزى خالىغانچە پايدىلىنىدۇ. ئەگەر سىزدە ئەقلىيفون بولمىسا، ياكى ئۇنى ئۆيدە قويۇپ قويغان، ئېتىۋەتكەن ۋەياكى ـــ ھەممىدىن يامىنى ـــ ئۇنى ئەڭ دەسلەپكى تەڭشىكىگە قايتۇرۇۋەتكەن بولسىڭىز، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان قىلمىشلار بولۇپ، ھوقۇقدارلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشى مۇمكىن.

كەيىن يېقىندا «دىپلومات» تورىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، گەرچە باشقا ھاكىمىيەتلەرمۇ ئىلگىرى بۇ خىل ئۇسۇلنى ئىشلىتىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما شەرقىي تۈركىستاندىكى نازارەتنىڭ ئۇلاردىن پەرقلىق دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ شۇنداق دېدى: «شەرقىي تۈركىستاندىكى ھاياتنى بۇنچىۋالا شۇملۇق پۈراپلا تۇرىدىغان قىلىۋەتكىنى شۇكى، ساقچىلار ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان نازارەت سىستېمىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، سۈنئىي ئىدراك، چوڭقۇر قاتلاملىق نېرۋا تورى، چىراي ۋە ئاۋاز پەرقلەندۈرۈش، شۇنداقلا بىئولوگىيەلىك سانلىق مەلۇمات توپلاش جەھەتلەردىكى يېڭى تېخنىكىلارنى قوللىنىۋاتىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەربىر كىشىنىڭ گېن تۈزۈلۈشى، ئاۋازى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئالدى ئىشىك ياكى ئارقا ئىشىكتىن كىرىدىغانلىقىدىن تارتىپ خاتىرىلەنگەن».

كەيىننىڭ سوتتىكى گۇۋاھلىقىغا كۆرە، ئۇ تۇرلۇك رەھىمسىزلىك ۋە قىيناش ئەھۋاللىرى ھەممىگە مەلۇملۇق بولغان چاۋشىيەننىڭ ۋەزىيىتىنى تەتقىق قىلغاندا، ئۆزىنى «ئۆتمۈشكە قايتىپ قالغان»دەك ھېس قىلغان. كامبودژادىكى رەھىمسىز قىلمىشلار توغرىسىدا ئىزدەنگەندە بولسا، «تەلتۆكۈس قەتلىئام، ساناقسىز قەبرىلەر ۋە ئۆلۈم لاگېرلىرى»نىڭ مۇدھىش ھىدى بۇرنىغا پۇراپلا تۇرغان. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا بايقىغانلىرى توغرىسىدا، بۇنىڭ «يېڭى تىپتىكى كەڭ كۆلەملىك ۋەھشىي جىنايەت» ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

كەيىننىڭ ئېيتىشىچە، 2005 ـ يىلى ئۇ زىيارەت قىلغان (خىتايدىكى) تۆت تەتقىقاتچى ئېكىستىنكى ئاچقۇچلۇق سۆزلەرنى ئېيىش سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولۇپ، 2011 ـ يىلى بۇ سىستېما تەرەققىي قىلىپ، ھەممە ئادەمنى نىشانلىيالايدىغان ھېسابلاش پروگراممىسىغا ئايلانغان. كەينگە ئېيتىلغان سانلىق مەلۇماتلار بىۋاستە جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىغا، ئاندىن دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىگە يوللىناتتى.

ئۇ خىتاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن لايىھەلەنگەن، ئۆزئارا زىچ باغلىنىشلىق ئۈچ سىستېمىنى ئېنىقلاپ چىققان بولۇپ، مەزكۇر سىستېملار (شەرقىي تۈركىستاندىكى) بارلىق تۈركىي خەلقلەرنى نازارەت قىلىدىغان ھەمدە ئۇلارنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن قىينايدىغان تور بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغانىدى.

كەين سابىق «قايتا تەربىيىلەش لاگېرلىرى» مەھبۇسلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن 168 قېتىملىق زىيارىتىدە، بۇ خىل قىيناش ۋە پسىخولوگىيىلىك خورلاشلار ئومۇملىشىپ كەتكەن كونكرېت لاگېر ۋە تۈتۈپ تۇرۇش مەركەزلىرىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئۇ ئىنچىكە قايتا تەكشۈرۈش ۋە باشقا بىر نەچچە خىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزى شۇلارنىڭ ئارىسىدىن نۇقتىلىق تاللىغان ئۈچ تۈرلۈك بايانىنىڭ چىنلىقىنى تېخىمۇ تەلتۆكۈس ئىسپاتلاپ چىققان.

مەھبۇسلارغا قارىتىلغان ئالاھىدە قەبىھ سىناقلاردىن بىرى شۇ ئىدىكى، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ئىككى ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇلغان، بۇ ئۈستەللەرنىڭ ھەر بىرىدە ئادەتتىكى كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئويۇنچۇق بومبا، ئويۇنچۇق تاپانچا ۋە AK7 (AK47 ئەمەس) تىپلىق ئاپتوماتنىڭ مودېلى قاتارلىق ئۇرۇش بۇيۇملىرى بار بولۇپ، مەھبۇسلار بۇ بۇيۇملارنى «مۇۋاپىق» ئورۇنلاشتۇرۇشقا بۇيرۇلغان.

ئەگەر ئۇلار ھەربىي ئويۇنچۇقلارغا تەگسىلا، دەرھال ئەچچىقىپ كېتىلىپ، يالغۇز قاماپ قويۇلغان ھەمدە تاپانلىرىغا، يانپاشلىرىغا ۋە بېشىغا مخلىق كالتەك بىلەن ئۇرۇلغان.

كەين شەرقىي تۈركىستاندا ئومۇملاشقان سىياسەتلەرنىڭ (ئۇيغۇردىن ئىبارەت) بىر مىللەتنى ۋە ئۇنىڭ كىملىكىنى تەدرىجىي يوقىتىۋېتىش پىلانىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، «ئىنتايىن قەبىھ» ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇ خىتاينى چاۋشيەن ۋە كامبودژا قاتارلىق باشقا مۇستەبىت دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئوخشاش ئەندىزە ئاستىدا، خىتايلارنىڭ ئۆزىنى ھۆكۈمران ئىرق دەپ قارايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇشبۇ «ھۆكۈمران ئىرق»نىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ۋە ئۇلارنى يوقىتىۋېتىشنى ئويلايدىغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىققان.

كەين سوت كوللېگىيەسى ئەزالىرىنىڭ خىتاينىڭ ئاداققى ئىستراتېگىيەسىنىڭ ۋە جازا لاگېرلىرىدىكى پسىخكىلىق كونترول قىلىش تاكتىكىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان - بولمىغانلىقى توغرىسىدىكى سوئالىغا جاۋابەن، گەرچە تۇتقۇنلۇق ھاياتى نۇرغۇن مەھبۇسلارنىڭ يادرولۇق ئەقىدىسىنى ئۆزگەرتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى «ئۆزلۈكىنى تۇنجۇقتۇرۇش»قا مەجبۇر بولغۇدەك دەرىجىدە قورقۇتۇۋەتكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كەينگە كۆرە، سىجىل قورقۇنچ، مەڭگۈلۈك ھوشيارلىق، ئۆچۈرۈلگەن ئەسلىمە، پاسسىپلىق، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تەلەپلىرىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئىچكىيلەشتۈرۈلۈشى، قارشى تۇرماسلىق ئېھتىياجى، «ئۇلار قەيەرگىلا بارمىسۇن، ئۇلاردىن ئايرىلمايدىغان زۇلمەت» قاتارلىقلار پەقەتلا لاگېردىن چىققانلار دۇچار بولغان چوڭقۇر پسىخكىلىق جاراھەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىر قانچىسى ئىدى، خالاس.

كەيننىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك، بارلىق ئۇچۇر ۋە دەلىل - پاكىتلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ لاگېرغا قامالغان ھەرقانداق كىشىنى پەۋقۇلئاددە ئېغىر روھىي زەخمىگە ئۇچرىتىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ (شەرقىي تۈركىستاندىكى) تۈركىي خەلقلەرنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنى كۈلتۈرەل جەھەتتىن يوقىتىپ، پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاشتۇرماقچى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ھالبۇكى، كەين بۇ جەرياننىڭ ئاللىقاچان باشلىنىپ بولغانلىقىنى ئۇتتۇرىغا قويدى.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://bitterwinter.org/xinjiang - a - terror - such - as - the - world - has - never - seen/



# شادىمان بالىلارنى تەربىيىلەشتىكى ئۇسۇللار

مارگارت لەم

# شادىمان باللارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ يەتتە خىل چارىسى

مارگارىت لەم

بالىلار نېمىدىن خۇش بولىدۇ؟

ھەممىمىز باللىرىمىز ئۈچۈن ئارزۇ قىلىدىغان نەرسىلەر ئاساسەن ئوخشاش. بىز ئۇلارنىڭ سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش ئىلكىدە ياشىشىنى، ئۆز غايىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ھالبۇكى، مۇتلەق كۆپىنچە ئەھۋاللاردا، بىزنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنىمىز ئۇلارنىڭ «خۇشال بولۇشى»دۇر. ئەمما، بىز باللىرىمىزنىڭ خۇشاللىقىغا قانچىلىك تەسىر كۆرسىتەلەيمىز؟

بۇ يىل يەتتىگە كىرگەن ئوغلۇم جەك، تۇغۇلغاندىن تارتىپلا ئاسان تۈتۈلۈپ قالىدىغان، قاپىقى ئېچىلمايدىغان بالا. بەش ياشقا كىرگەن قىزىم سوفىيە بولسا ھەمىشە ئاپتاپپەرەستەك ئېچىلىپلا تۇرىدىغان قىز. جەك ھەمىشە غودۇرىغىنىچە ئويغىنىدۇ. سوفىيە بولسا ھەر كۈنى بىزگە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سالام بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ مىجەزىنىڭ قىسمەن دەرىجىدە بولسىمۇ گېنغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى بوۋاق ۋاقتىدىلا مەلۇم ئىدى. ئەمما، «ئۈمىدۋار بالا چوڭ قىلىش: ئۆسمۈرلەرنىڭ چۈشكۈنلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۆمۈرلۈك ئۈنۈملۈك چارە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى دوكتور بوب مۇراي (Bob Murray) بۇنىڭ ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتى ۋە مىجەز ـ خۇلقىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. «چۈشكۈنلۈكتە ئىرسىيەت خاھىشى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما تەتقىقاتلاردىن شۇ نەرسە ئىسپاتلاندىكى، كۆپىنچە شادىمان ۋە ئۈمىدۋار بالىلار ــ ئىرسىيەت تۈزۈلۈشىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ــ بەختلىك ۋە ئۈمىدۋار ئائىلىلەرنىڭ مەھسۇلىدۇر» دەيدۇ ئۇ.

باللىرىڭىزنى خۇشاللىققا چۆمۈلدۈرىدىغان ئائىلە بەرپا قىلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالايسىز؟ تۆۋەندە بىز باللىرىڭىزنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدىغان يەتتە خىل چارىنى ھۇزۇرىڭىزغا سۇنىمىز.

**1. ئالاقىنى ياخشىلاش**

بالىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھېسسىيات ساغلاملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇلى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سىز بىلەن، باشقا ئائىلە ئەزالىرى بىلەن، دوستلىرى بىلەن، قولۇم - قوشنىلىرى بىلەن، بالا باققۇچىلار بىلەن، ھەتتا ئەرمەك ھايۋانلار بىلەنمۇ ئالاقىسى بارلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشتۇر. بۇ ھەقتە، بالىلار پسىخىكا دوختۇرى، «چوڭلارنىڭ خۇشاللىقىنىڭ بالىلىقتىكى يىلتىزى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئېدۋارد خالوۋېل (Edward Hallowell) «ئالاقىگە تويۇنغان بالىلىق بەختنىڭ ئاچقۇچىدۇر» دەيدۇ. دوكتور خالوۋېل تەخمىنەن توقسان مىڭ ئۆسمۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئۆسمۈرلەر ساغلاملىقى توغرىسىدىكى مەملىكەتلىك تەتقىقات»نى بۇنىڭغا ئىسپات سۈپىتىدە كۆرسەتتى. مەزكۇر تەتقىقاتتا، سۆيۈلۈش، چۈشىنىلىش، موھتاج بولۇنۇش ۋە ئېتىراپ قىلىنىش تۇيغۇلىرىنىڭ مۇجەسسىمى بولغان «باغلىنىش» تۇيغۇسى چۈشكۈنلۈكنىڭ، ئۆلۈۋېلىش خىيالىنىڭ ھەمدە تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش ۋە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەتەرلىك قىلمىشلارنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئەڭ مۇھىم قوغدىغۇچى ئامىللارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان.

ياخشى يېرى، بىز بالىلىرىمىز بىلەن ئارىمىزدىكى دەسلەپكى ۋە ئەڭ مۇھىم باغلىنىشنى دوكتور خالوۋېلنىڭ تەبىرىدىكى «ھەرگىزمۇ ۋاز كېچىلمەيدىغان ئەسەبىي مۇھەببەت» دېگەن مېتود ئارقىلىق مۇستەھكەملىيەلەيمىز. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئاڭلىماققا ياسالمىدەك تۇيۇلىدۇ، شۇنداقلا <بولۇشقا تېگىشلىك ئىش> دەپ قارىلىپ، ھەمىشە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەمما، ئەگەر بالا بىرەر كىشىنىڭ ئۆزىنى شەرتسىز ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلسا، بۇ ھەسرەتكە قارشى ئەڭ ياخشى <قالقان>لارنىڭ بىرى بولالايدۇ». ئەمما، سىزدە بۇ خىل چوڭقۇر مۇھەببەتنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بالىڭىزغىمۇ چوقۇم ئۇنى ھېس قىلدۇرۇشىڭىز كېرەك. بالىڭىزنى ئىمكانقەدەر كۆپ قۇچاقلاپ قويۇڭ. ئۇنىڭ يىغلىرىغا ھېسداشلىق بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇڭ. ئۇنىڭغا ئاۋازىڭىزنى چىقىرىپ كىتاب ئوقۇپ بېرىڭ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە غىزالىنىڭ، ئوينىشىڭ.

كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى جەمئىيەتشۇناس دوكتور كىرىستىن كارتېر (Christine Carter) شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بالىلارنىڭ باشقىلار بىلەن مېھىر - مۇھەببەت باغلىشىغىمۇ پۇرسەت يارىتىپ بېرىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. «بىز ئەللىك يىللىق تەتقىقاتتىن شۇنى بايقىدۇقكى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بەختنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئامىلىدۇر. شۇنداقلا، بۇ جەھەتتە ئالاقىنىڭ سۈپىتىلا ئەمەس، قېتىم سانىمۇ ئىنتايىن مۇھىم» دەيدۇ ئۇ.

## 2. بالىڭىزنى خۇشال قىلىشقا زورۇقماڭ

بۇ ئاڭلىماققا كىشىگە تەتۈرلۈكتەك تۇيۇلىدۇ، ئەمما بالىڭىزنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە خۇشال قىلىشقا ئۇرۇنۇشنى توختىتىشىڭىز، ئۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك خۇشاللىقى ئۈچۈن قىلالايدىغان ئەڭ ياخشى

ئىشىڭىز بولۇشى مۇمكىن. «Core Parenting»نىڭ قۇرغۇچىسى بوننىي خارىس (Bonnie Harris) بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىز باللىرىمىزنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بەرسەك، ئۇلار شۇنىڭغا كۆنۈپ، ئاشۇ خىل تەمە ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، ئەمما رېئال دۇنيادىكى ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس (يەنى ھېچكىم ئارزۇ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ)».

خارىسقا كۆرە، ئاتا ـ ئانىلار بالىنىڭ رايىغا ھەددىدىن زىيادە بېقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ باللارنىڭ خۇشاللىقىغا مەسئۇل ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك. ئۆزلىرىنى باللىرىنىڭ ھېسسىياتىغا مەسئۇل دەپ قارىۋالىدىغان ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارغا غەزەپ، قايغۇ ـ ھەسرەت ياكى چۈشكۈنلۈكنى ھېس قىلدۇرۇشتا قىينىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلار ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى باللارنى كۆلۈمسىرىتەلەيدىغان ياكى ئازابتىن خالىي قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن شاپاشلاپ كېتىدۇ. ئەمما، خارىسنىڭ بۇ جەھەتتە ئاگاھلاندۇرغىنىدەك، سەلبىي ھېسسىياتقا تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگىنىپ باقمىغان باللار ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ۋە قۇرامىغا يەتكەندە، ئاشۇ سەلبىي ھېسسىياتلارغا دۇچ كەلگەندە تۇگشىپلا كېتىشى مۇمكىن.

باللىرىڭىزنى خۇشال قىلىشىنىڭ (ياكى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك باشقا تۇيغۇلارغا ئەگىشىشىنىڭ) قولىڭىزدىن كەلمەيدىغانلىقىنى قوبۇل قىلسىڭىزلا، ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى «ئوڭشاش»قا ئۇنچە زورۇقمايدىغان ھەمدە بىر قەدەم كەينىگە چېكىنىپ، ئۇنىڭ ھاياتتىكى مۇقەررەر ئوڭۇشسىزلىقلارغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئەسلىگە كېلىش ماھارىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يول قويىدىغان بولىسىز.

### 3. ئۆزىڭىزنى خۇشال تۇتۇڭ

گەرچە بىز بالىمىزنىڭ خۇشاللىق ـ خاپىلىقىنى تىزگىنلىيەلمىسەكمۇ، ئەمما بىز ئۆزىمىزنىڭ خۇشاللىقىغا مەسئۇلدۇرمىز. شۇنداقلا، باللار بىزدىكى ھەممە نەرسىنى قوبۇل قىلىدىغان بولغاچقا، بىزنىڭ كەيپىياتىمىز بالا ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم. خۇشال ـ خۇرام يۈرىدىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ كۆپىنچە ھاللاردا خۇشال يۈرىدۇ. مۇراينىڭ كۆزىتىشىچە، بۇنىڭ ئەكسىچە، خاپىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللىرىنىڭ چۈشكۈنلۈك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى نورمال باللاردىكىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىكەن. شۇ ۋەجىدىن، باللىرىڭىزنىڭ ساغلام كەيپىياتقا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن قىلالايدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشلىرىڭىزدىن بىرى ئۆزىڭىزنىڭ كەيپىياتىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىشىڭىزدۇر. دەم ئېلىشقا، نېرۋىلىرىڭىزنى ئارام ئالدۇرۇشقا ۋاقىت ئاجرىتىڭ. جورىڭىز (ئېرىڭىز ياكى ئايالىڭىز) بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنى ياخشىلاڭ. «ئەگەر ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ھەقىقەتەن بەكلا ياخشى بولسا، كۆپىنچە ھاللاردا باللارمۇ تەبىئىي ھالدا خۇشال يۈرىدىغان بولىدۇ» دەيدۇ مۇراي.

### 4. نېمىنى ماختاش كېرەكلىكىنى بىلىۋېلىڭ

تەتقىقاتلاردا ئۆز ـ ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىنىڭ دائىم خۇشاللىقنى باغلاپ قارىلىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس. بالىلىرىمىز بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىدىن مەھرۇم قالسا، يەنە بىرىگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. بىز بۇنى تەبىئىي تۇيغۇمىز ئارقىلىقلا بىلەلەيمىز، ھەتتا نۇرغۇنلىرىمىز شۇ سەۋەبلىك چېكىدىن ئاشقان «ئالقىشچى»لارغا ئايلىنىپ كېتىمىز. بالىمىز داڭقانپۇتى بىر نەرسىلەرنى يېزىپ كەلگەن بولسا، بىز ئۇنى «شېئىر» دەپ ئاتاپ، بالىمىزنى پۇشكىنغا ئوخشىتىپ ماختايمىز. بىرگە ئىككىنى قوشالىغىنىنى كۆرسەكلا، ئۇنى «Mensa» (ئەقلىي كۈچى زىيادە ئۈستۈن كىشىلەر قوبۇل قىلىنىدىغان ئورگان)غا كىرىشكە ئاز قاپسەن، دەپ كۆككە كۆتۈرىمىز. لېكىن، قولغا كەلتۈرۈلگۈسى ئۈتۈقلار توغرىسىدىكى بۇ خىل مەدھىيەلەر تامامەن ئەكس تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

مۇراي بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىشنىڭ خەتەرلىك تەرىپى شۇكى، ئەگەر بۇ بالىڭىز ئاڭلىغان بىردىنبىر ماختاش شەكلى بولسا، ئۇ ‹ئاتا ـ ئانامنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، (پۇشكىنغا ئوخشاش بولۇش، «Mensa»غا كىرىش دېگەندەك) ئاشۇ نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرمىسام بولمايدۇ، ئەگەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىسام، بۇ ئالقىشلاردىن ئايرىلىپ قالىمەن، ئاتا ـ ئانام مېنى ياخشى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ› دەپ ئويلىشى مۇمكىن». بالىلارنىڭ چوڭ بولغاندا ئۆزلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا بولمىغان ۋە ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوقاپ كېتىشى مۇمكىن بولغان بىر نەرسە ئۈچۈن ماختالغانلىقىنى تونۇپ يېتىشى مۇمكىنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، بالىلاردىكى زېرەكلىك، ئوماقلىق، تەنھەرىكەتچان بولۇشتەك مۇئەييەن ئالاھىدىلىكلەرنى ماختاشمۇ كېيىنچە بالىلارنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

«مەسىلەن، ئەگەر سىز بالىڭىزنى چىرايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ماختىسىڭىز، ئۇ چوڭ بولۇپ ئۇنچە چىرايلىق ئەمەس بولۇپ قالسا، ئەھۋال قانداق بولىدۇ؟ ئۇ چاغدا، ئۇنىڭغا (كىچىك چاغلىرىدىكىدەك) چىرايى سەۋەبلىك ئۆز قىممىتىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؟ قىزىقارلىق يېرى، تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئاساسلىقى زېرەكلىكى سەۋەبلىك ماختالغان بالىلار ئەقلىي جەھەتتە خۇدۇكسىرەيدىغان بولۇپ قالىدىكەن. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرى مەغلۇپ بولغان تەقدىردە، ‹ئۇنچە ئەقىللىق ئەمەس› ــ ۋە شۇ سەۋەبلىك ھېچقانچە قىممىتى يوق ــ دەپ قارىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدىكەن» دەيدۇ مۇراي.

ھالبۇكى، بۇنىڭ دورىسى ــ پەقەتلا ماختىماسلىق ئەمەس، ماختاش ئوبيېكتىنى ئۆزگەرتىشتۇر. «نەتىجىنى ئەمەس، تىرىشچانلىقنى ماختاش كېرەك. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، شۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش يولىدىكى ئىجادچانلىقنى، تىرىشچانلىقنى ۋە چىدامچانلىقنى ماختاش كېرەك» دەيدۇ مۇراي.

كارتېرغا كۆرە، مەقسەت بالىلاردا «ئۆسۈپ يېتىلىش تەپەككۇرى» يېتىلدۈرۈش، يەنى ئۇلارنى تەبىئىي تالانت ئارقىلىقلا ئەمەس، بەلكى جاپالىق ئىشلەش ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۇرۇشتۇر. «تالانتلىق دەپ ماختالغان بالىلار ھەمىشە ئۆز ئۆزىنى قايتا ـ

قايتا ئىسپاتلاشقا مەجبۇردەك ھېس قىلىدۇ. تەتقىقاتلاردە كۆرسىتىلگىنىدەك، ئۆسۈپ يېتىلىش تەپەككۇرىغا ئىگە بالىلار ئىشلارنى تېخىمۇ ياخشى قىلىدۇ ۋە ئۆز پائالىيەتلىرىدىن تېخىمۇ بەك ھۇزۇر ئالالايدۇ. چۈنكى ئۇلار مەغلۇپ بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە قانداق ئويلىشىدىن ئەنسىرەپ كەتمەيدۇ. ياخشى يېرى، <پالانى ئىشنى ناھايىتى ياخشى قىلدىڭىز>، <پوكۇنى ئىشتا چوقۇم بەك تىرىشتىڭىزغۇ دەيمەن> دېگەندەك ئاددىي بىر جۈملە ماختاش ئارقىلىقلا بالىلاردا ئۆسۈپ يېتىلىش تەپەككۇرىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. يەنى، بىز بالىنى ماختىماڭ دېمەيمىز. پەقەت بالىڭىزنى (تىرىشىش، ۋاقىت ئاجرىتىش دېگەندەك) ئۆزى كونترول قىلالايدىغان جەھەتلەردە ماختاشقا دىققەت قىلىڭ» دەيدۇ ئۇ.

## 5. مەغلۇبىيەتكىمۇ يول قويۇڭ

ئەلۋەتتە، ئەگەر سىز بالىڭىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇشنى ئويلىسىڭىز، ئۇنى ماختاۋېرىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭغا يېڭى ماھارەتلەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن يېتەرلىك پۇرسەت يارىتىپ بېرىڭ. دوكتور خالوۋېل «ئۆز ئۆزىنى قەدىرلەشنىڭ ئاساسى ماختىلىش ئەمەس، كامالەتتۇر» دەيدۇ. ياخشى يېرى، ئۈت ياشتىن كىچىك بالىلار تويغا نىسبەتەن، ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ماھارەتكە ئېرىشىش پۇرسىتىدۇر. چۈنكى، ئۆمىلەشنى، مېڭىشنى، ئوزۇقلىنىشنى، كىيىم كىيىشنى، تەرەت قاچىسىنى ئىشلىتىشنى ۋە ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىت مىنىشنى ئۆگىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا نىسبەتەن يېڭىلىقتۇر. بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىش — بىر چەتتە تۇرۇپ، بالىلار ئۆزى قىلالىغۇدەك ئىشلارنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بېرىشتۇر. «ياخشى ئاتا ـ ئانىلار سادىر قىلىدىغان ئەڭ چوڭ خاتالىق بالىلىرى ئۈچۈن بەك كۆپ ئىش قىلىپ بېرىشتۇر» دەيدۇ دوكتور خالوۋېل.

گەرچە بالىلىرىمىزنىڭ بىر ئىشلارنى قامالاشتۇرالماي تېپىرلاپ كېتىۋاتقىنىغا قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇش ئىنتايىن قىيىن بولسىمۇ، ئەمما بىز ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا يول قويمىساق، ئۇلار كامالەتكە يېتىشنىڭ لەززىتىنى ھەرگىز تېتىيالمايدۇ. تۈنجى سىناقتىلا مۇكەممەل بولۇپ كېتىدىغان ماھارەتلەر يوقنىڭ ئورنىدا. بالىلار ماھارەتنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىگىلىيەلەيدۇ. مەلۇم بىر ماھارەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن قايتا ـ قايتا ئۇرۇنۇش ئارقىلىق، ئۇلاردا سىناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلىدىغان پوزىتسىيە يېتىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار بۇ خىل پوزىتسىيە ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى خىرىسلارغا، بەختلىك تۇرمۇشنىڭ يادروسى بولغان قىزغىنلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن يۈزلىنەلەيدۇ.

## 6. بالىغا رېئال ۋەزىپە تاپشۇرۇڭ

«خۇشاللىق كۆپىنچە باشقىلارنىڭ قىلغان ئىشىمىزغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ۋە ئۇنى قەدىرلىگەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باغلىق» دەيدۇ مۇراي.

باشقچە قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەر تۇغۇلۇشىدىنلا موھتاج بولۇنۇش ئېھتىياجىغا ئىگە. شۇڭلاشقا، بالىڭىزغا كىچىكىدىن باشلاپلا، ئۇنىڭ ئائىلىگە ئۆزگىچە تۆھپە قوشۇۋاتقانلىقىنى قانچە كۆپ ئېيتسىڭىز، ئۇنىڭ ئۆزىنى قەدىرلەش ۋە بەخت تۇيغۇسى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. مۇرايىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۈچ ياشلىق بالىلار ئائىلىدە مۈشۈكنىڭ قۇرۇق يەم قاچىسىنى تولدۇرۇش، كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئۈستەلگە سالفېتكا قەغىزى تىزىش دېگەندەك ئەھمىيەتلىك رول ئوينىيالايدىكەن. مۇمكىن بولسا، بالىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرالايدىغان رول بەلگىلەڭ. مەسىلەن، بالىڭىز ئىشلارنى تەشكىللەشنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭغا چىنە ۋە قوشۇقلارنى تەقسىملەش خىزمىتىنى تاپشۇرۇڭ. ئەگەر ئۇ باشقىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئالاھىدە ھېرىس بولسا، ئۇنىڭغا كەچلىك تاماق ۋاقتىدا كىچىك سىڭلىسىنى ئوينىتىپ تۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرسىڭىز بولىدۇ. سىز ئۇنىڭ ئائىلىگە تۆھپە قوشۇۋاتقانلىقىنى ئېتراپ قىلسىڭىزلا، بۇ بالىڭىزنىڭ ئائىلىگە باغلىنىش تۇيغۇسىنى ۋە ئىشەنچىنى ئاشۇرىدۇ، بۇ ئىككىسى دائىمىي بەختنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر.

### 7. مىننەتدارلىقنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇڭ

ئاخىرىدا، خۇشاللىق تەتقىقاتلىرىدا مىننەتدارلىق ئىزچىل ھالدا ھېسسىيات ساغلاملىقىغا باغلاپ تەتقىق قىلىنىپ كەلدى. كالىفورنىيە ئۇنۋېرسىتېتى ۋە باشقا جايلاردىكى تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، ھەر كۈنى ياكى ھەر ھەپتە مىننەتدارلىق خاتىرىسى يازغان كىشىلەر ئۆزىنى تېخىمۇ ئۈمىدۋار ھېس قىلىدىكەن، نىشانىغا يېتىشتە تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدىكەن، شۇنداقلا ئۆز تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ياخشى دەپ ھېس قىلالايدىكەن. مىننەتدارلىق خاتىرىسى يېزىش بالىلارغا نىسبەتەن مۇمكىن بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما كارتېرغا كۆرە، بالىلاردا مىننەتدارلىق تۇيغۇسى يېتىلدۈرۈشنىڭ بىر ئۇسۇلى بار، ئۇ بولسىمۇ ئائىلىدىكى ھەممەيلەن ھەر كۈنى — مەسىلەن، تاماقتىن بۇرۇن ياكى تاماق ۋاقتىدا — ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئۆزى مىننەتدار بولغان ئىشلارنى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتسا بولىدۇ. مۇھىمى ئۇنى دائىملىق مۇراسىمغا ئايلاندۇرۇشتۇر. «بۇ ھەر خىل ئاكتىپ ھېسسىياتلارنى يېتىلدۈرەلەيدىغان ئادەتتۇر، ئۇ ھەقىقەتەن دائىمىي خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلەيدۇ» دەيدۇ ئۇ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.parents.com/toddlers_preschoolers/development/fear/raising_happy_children/



# ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشى تەيۋەن ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

ئوريانا سكايلار ماسترو

# ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشى تەيۋەن ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

ئورىيانا سكايلار ماسترو

كىشىنى «خىتاي پات يېقىندا تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلارمۇ؟» دېگەن ئەندىشىگە سالىدىغان نۇرغۇن سەۋەبلەر مەۋجۇت. مەسىلەن، خىتاي ھاۋا ھەرىكىتىنى كۈچەيتتى؛ بەشبۇرجەكلىك بىنا كۈچلۈك ئاگاھلاندۇرۇش بەردى؛ خىتاي ئارمىيەسى تېز سۈرئەتتە زامانىۋىلاشماقتا؛ خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ پوپوزىلىرى بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىۋاتىدۇ. گەرچە ئامېرىكانىڭ تاشقى سىياسەت ۋە ھەربىي ساھەسىدە يېقىندا ئېلىپ بېرىلغان قىزغىن مۇنازىرىلەردە ئامېرىكانىڭ تەيۋەندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشى بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس.

پرېزىدېنت بايدېننىڭ ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈش قارارىنى تەنقىد قىلىدىغا بەزى كىشىلەرگە كۆرە، بۇ (يەنى ئەسكەر چېكىندۈرۈش) بېيجىڭنى تېخىمۇ جاسارەتلەندۈرۈۋېتىدۇ. چۈنكى، (ئۇلارنىڭ نەزىرىدە) چېكىنىش ئاجىزلىقنىڭ، ئۇرۇشتا ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرالماسلىقنىڭ، غەلىبە قىلىش ئىستىكىنىڭ ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، خىتاي تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلىش ـ قىلماسلىقنى قارار قىلىشتا، بۇ ئامىللارنى ئويلاشماي قالمايدۇ. خىتاي تەيۋەننى ئۆز زېمىنىنىڭ بىر پارچىسى دەپ قارايدۇ.

ئەمما، ئەمەلىي ئەھۋال شۇكى، ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشى خىتايدىكى ئۇرۇش پىلانلىغۇچىلىرىنىڭ تەيۋەنگە قورال كۈچى ئىشلىتىشىگە تۈرتكە بولماستىن، ئەكسىچە ئۇلارنى دېلىغۇل قىلىدۇ.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئاشكارا ئېلان قىلىنغان نىشانى «خىتاي مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ قايتا گۈللىنىشى»، يەنى خىتاينىڭ دۇنياۋى چوڭ دۆلەتلىك ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتۇر. خىتاي رەھبەرلىرى ۋە مۇتەپەككۇرلىرى دۇنياۋى كۈچلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈش ۋە چۆكۈش تارىخىنى تەتقىق قىلدى. ئۇلار خېلى بۇرۇنلا، ئامېرىكانىڭ چەكلىمىسىنىڭ خىتاينىڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

ئەمما، بېيجىڭنىڭ تەلىيىگە يارىشا، ئافغانىستاندىكى ئۇرۇش ــــ شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ ئىراق ۋە باشقا ئوتتۇرا شەرق رايونلىرىدىكى تەتۈر قىسمەتلىرى ــــ ئۆتكەن يىگىرمە يىلدا ۋاشىڭتوننىڭ دىققىتىنى چېچىۋەتتى. خىتاي بېيجىڭدىن ئىتالىيەنىڭ تىرېستې شەھىرىگىچە بولغان لىنىيەدە تاشيول ۋە پورتلارنى قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، گېئوپولىتىك تەسىرىنى كېڭەيتىۋاتقاندا، ئامېرىكا «تېرورلۇققا قارشى ئۇرۇش»تا نۇرغۇن پۇلنى سورۇۋەتتى. بېيجىڭ ئۆزىنىڭ دەل جايىغا زەربە بېرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدا نەچچە ئون كۋادرات كىلومېتىرلىق ھەربىي بازا قۇرۇۋاتقاندا، ئامېرىكا ئارمىيەسى قوزغىلاڭچىلارغا قارشى تۇرۇپ، ئاددىي بومبىلارنى چۇۋۇش ھەلەكچىلىكىدە يۈردى.

شى جىنپىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ خىتاينىڭ تەسىرىنى تەدرىجىي ئاشۇرۇپ، خەلقئارا قائىدىلەرنى ئىناۋەتسىزلەشتۈرۈپ، خەلقئارا تەشكىلاتلارنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، كونتروللۇقىدىكى زېمىنلارنى كېڭەيتەلىشىگە ئافغانىستان ئۇرۇشى قىسمەن سەۋەب بولغان. ئەمما، بۇلار (يەنى خىتاينىڭ يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئۇتۇقلىرى) ئامېرىكا ئۇلارنى توسۇش ئۈچۈن ھېچقانداق ئەمەلىي تەدبىر قوللانمىغاندا يۈز بەرگەن. نۇرغۇن جەھەتلەردىن ئېيتقاندا، بۇ پەقەت تاسادىپىي تەلەينىڭ مەھسۇلى، خالاس.

ئافغانىستاندىكى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن (خىتاي ئۆز پىلانلىرىنى توسقۇنسىز ئىشقا ئاشۇرىدىغان، ت) بۇ ياخشى كۈنلەر (خىتاي كومپارتىيەسى ئۇنى «مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك پۇرسەت دەۋرى» دەپ ئاتايدۇ) تۇيۇقسىزلا ئاخىرلىشىشى مۇمكىن. دەرۋەقە، ئۆتكەن ئون يىلدا ئافغانىستاندىكى ئۇرۇش داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئامېرىكا پرېزىدېنتلىرى ئاسىيادىكى رىقابەتكە قايتىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. باراك ئوباما 2011 ـ يىلى ئامېرىكانىڭ ئاساسىي دىققىتىنى ئاسىياغا قارىتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. دونالد ترامپنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك گۇرۇپپىسىمۇ خىتاي بىلەن بولغان رىقابەتنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويدى.

ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ «گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق» بولۇپ كەلدى. ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈش شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، بايدېن ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك كۈنتەرتىپىنى قايتىدىن تەڭشەۋاتىدۇ، ئۇ ھەتتا «خىتاي بىلەن بولغان ئىستراتېگىيىلىك رىقابەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بارچە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئامېرىكانىڭ يادرولۇق كۈچىنى زورايتىش»نى ئافغانىستاندىن چېكىنىشتىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە كۆرسەتتى.

ۋەھالەنكى، بۇ خىل قايتا تەڭشەش خېلى بەكلا كېچىكىپ كەتتى. خىتاينىڭ جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى كېڭىيىشى ۋە ھەربىيلىششى، ھىندىستان بىلەن بولغان ئەجەللىك توقۇنۇشى، خوڭكوڭدىكى باستۇرۇشلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇشلىرىنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ بارغانسېرى ئۆزىگە ئىشىنىپ، كۆرەڭلەپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. بولۇپمۇ، خىتاينىڭ تەيۋەن ئەتراپىدىكى ھەربىي پائالىيەتلىرى شىددەت بىلەن ئاشتى. 2020 ـ يىلى، خىتاينىڭ تەيۋەننىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا تاجاۋۇز قىلىپ

كىرىش قېتىم سانى رېكورت ياراتتى. ئۇنىڭ ھەربىي مانېۋىرلىرىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە كۆلىمىمۇ بارغانسېرى ئاشتى. شى جىنپىڭنىڭ يېقىنقى ئاگاھلاندۇرۇش (ئەمەلىيەتتە تەھدىت)لىرى ھەربىي كۈچ كۆرسىتىش جەھەتتىكى بۇ خىل كۆرەڭلىككە ياندىشىپلا كەلدى. ئۇ خىتاينى بوزەك قىلماقچى بولغان ھەر قانداق چەتئەل كۈچلىرىنىڭ «بېشى يېرىلىپ، يۈز ـ كۆزى قانغا بويىلىدىغان»لىقىنى، «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەر قانداق ئۇرۇنۇشنىڭ «قەتئىي بىتچىت قىلىنىدىغان»لىقىنى ئېيتتى.

ئامېرىكا تەيۋەنگە قارىتا «ئىستراتېگىيەلىك مۇجمەللىك»، يەنى تەيۋەننى خىتاينىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش توغرىسىدا ئېنىق ۋەدە بەرمەسلىك سىياسىتىنى قوللىنىپ كەلدى. نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىيەتتە، ئامېرىكانىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلىرى ئامېرىكانىڭ تەيۋەنگە بەرگەن ۋەدىسىنى تېخىمۇ ئىشەنچلىك قىلىش ھەمدە خىتايغا قاراتقان ھەربىي تەھدىتنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا جىددىي كاللا قاتۇرۇۋاتىدۇ. يېقىندا تەيۋەنگە 750 مىليون دوللارلىق قورال سېتىش توغرىسىدىكى تەكلىپ مەزكۇر ئۇرۇنۇشلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇنىڭدىن سىرت، تەيۋەن دېموكراتىك ئەللەر باشلىقلىرى يىغىنىغا قاتنىششقا تەكلىپ قىلىندى، بۇنىڭمۇ بېيجىڭنى غەزەپلەندۈرۈشى شەكسىز.

بەزىلەر ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشى ئامېرىكانىڭ تەيۋەنگە ياردەم بېرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سىگناللىرىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى، دەپ قارىماقتا. يۈزەكى قارىغاندا، ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشى خىتاينىڭ (تەيۋەننى) «قوراللىق بىرلىككە كەلتۈرۈش» پىلانى ئۈچۈن ياخشى ئىشتەك كۆرۈنىدۇ. خىتاينىڭ مىللەتچى گېزىتى «يەر شارى ۋاقت گېزىتى»مۇ دەل مۇشۇ خىل ئىدىيەنى بازارغا سېلىپ، «ئامېرىكا ئىلگىرى ۋېيتنامنى، ھازىر ئافغانىستاننى تاشلىۋەتكەندەك، تەيۋەننىمۇ ۋاز كېچىدۇ» دەپ جار سالماقتا.

ھالبۇكى، ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشى خىتاينى ئۆز (ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان) چېگراسى يېنىدا بىخەتەرلىك مەسىلىسىگە دۇچار قىلدى، بۇ خىتاينىڭ پۈتۈن كۈچىنى ئامېرىكا بىلەن بولغان رىقابەتكە مەركەزلەشتۈرۈشىگە پۇتلىكاشاڭ بولۇشى مۇمكىن. بېيجىڭنىڭ يەرشارى مەنپەئەتىنى قوغداش ئىستراتېگىيىسى بىر تەرەپتىن ساھىبخان دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىك قىسىملىرى ۋە شەخسىي بىخەتەرلىك ھۆددىگەرلىرىگە تايىنىش، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەۋجۇت ھەربىي كۈچىدىن پايدىلىنىشتۇر. تەھلىلچىلەر «خىتاي ئامېرىكاغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ چەتئەلدىكى مەنپەئەتىنى ئۆز ھەربىي كۈچى ئارقىلىق قوغدىماسلىقى مۇمكىن» دەپ يەكۈن چىقىرىشتى. چۈنكى، بېيجىڭ ۋاشىڭتون سادىر قىلغان «تاشقى سىياسەت نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، چەتئەللەردە ھەربىي مۇداخىلىگە زىيادە تايىنىپ قېلىش»تىن ئىبارەت خاتالىقلارنى تەكرارلىماسلىققا تىرىشىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

نۆۋەتتە، ئافغانىستاندا ئىشەنچلىك خەۋپسىزلىك كۈچلىرى يوق. شۈبھىسىزكى، خىتاينىڭ زور ئىقتىسادىي ۋە سودا مەنپەئەتى بار بۇ رايوندا مۇقىمسىزلىق تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىدۇ. خىتاي رەھبەرلىرى

يەنە ئافغانىستاندىكى توقۇنۇشنىڭ چېگرا ھالقىپ، شەرقىي تۈركىستانغا كېڭىيىشىدىنمۇ ئەنسىرەيدۇ. بېيجىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرمىچىلىقلىرى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى.

ئەمەلىيەت شۇكى، ئامېرىكا ئافغانىستاندا نۇرغۇن كىشىلەر ئۆيلىگەندىن خېلى بەكلا ئۇزۇن تۇردى. بۇ خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ تەيۋەن كرىزىسىدا قانداق تەدبىر قوللىنىدىغانلىقىنى توغرا مۆلچەرلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، چۈنكى بېيجىڭ دائىرىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا «سومالىدىكى ئاچچىق سەرگۈزەشتە ۋاشىڭتوننىڭ تەيبېيگە ياردەم بېرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ» دەپ قارايدۇ.

ئەمما ئامېرىكانىڭ ئافغانىستان ۋە ئىراقتا ئارىلىششى بۇ خىل پەرەزلەرگە قارىتا گۇمان پەيدا قىلدى. تەيۋەننىڭ راۋۇرۇس چوڭ كۆلەملىك ئىقتىسادى ۋە يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ساھەسى بار، بۇ ئامېرىكا ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئامېرىكانىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى كۈچى ۋە نوپۇزى ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا ۋە بۇ رايوندىكى ھەربىي بازىلىرىغا، شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ «بىرىنچى نومۇرلۇق بىخەتەرلىك ھەمراھى»لىقتىن ئىبارەت تېخىمۇ كەڭ رولىغا باغلىق. ئەگەر تەيۋەن خىتاينىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىسا، ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن دۆلەتلەر بۇنى خىتاي بېكىتكەن دۇنيا تەرتىپىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئافغانىستاننىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتى ئۇنچە زور ئەمەس، ئەمما ئامېرىكا (ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتى ئۇنچە زور بولمىغان) مۇشۇ يەردىمۇ يىگىرمە يىل تۇردى.

بۇ بېيجىڭنىڭ تەيۋەنگە قاراتقان ھەر قانداق سۇيىقەستىگە قارىتا ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

دەرۋەقە، تەيۋەننىڭ خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن بولغان ئارىلىقىنى ئويلاشقاندا، خىتاينىڭ جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكتىن نەپ ئالىدىغانلىقى، بېيجىڭنىڭ قورال - ياراغ ئىسكىلاتىنىڭ تەيۋەننىڭكىگە قارىغاندا مول ئىكەنلىكىمۇ راست. ئامېرىكانىڭ يەنە بىر قېتىملىق سىرتقى مۇداخىلە جەھەتتە دۆلەت ئىچىدىن ئېرىشىدىغان قوللىشىغا سېلىشتۇرغاندا، خىتاي (تەيۋەن بىلەن بولغۇسى) ھەر قانداق توقۇنۇشتا دۆلەت ئىچىدە تېخىمۇ كۆپ قوللاشقا ئېرىششى مۇمكىن.

لېكىن، ئەگەر خىتاينىڭ بوغۇز ھالقىغان ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشتىن تەمەسى بار بولسا، خىتاي ئارمىيىسى چوقۇم تېزدىن ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ئامېرىكاغا ئىنكاس قايتۇرغۇدەك ۋاقىت بەرمەسلىكى كېرەك. خىتاي پىلانلىغۇچىلار ئۇرۇشنىڭ ۋاقتى ئۇزارغانسېرى، ئامېرىكانىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ شۇنچە چوڭ بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. خىتاينىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ياسىمىچىلىق مەركەزلىرى بىردەك ئامېرىكانىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىشى مۇمكىن، ئەمما ئامېرىكا تۇپراقلىرى بولسا نىسبەتەن بىخەتەر، خىتاينىڭ ئادەتتىكى قوراللار بىلەن ئامېرىكاغا ھۇجۇم قىلالىشى قىيىن. خىتاي (ئامېرىكاغا قارىغاندا) تاشقى نېفت ۋە تەبىئىي گاز مەنبەسىگە تېخىمۇ بەكرەك تايىنىدۇ، شۇڭا ئامېرىكا بۇ تەمىنات مەنبەلىرىنى ئۈزۈۋەتسە، خىتاي ئاسانلا بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

يەنە كېلىپ، خىتاينىڭ ئىقتىسادى تېخىمۇ چوڭ زىيانغا ئۇچرايدۇ. (مەزكۇر بولغۇسى) ئۇرۇش ئاسىيادا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ يەردىكى سودىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى مۇقەررەر. بۇ ئامىللارنىڭ ئۆز كۈچىنى كۆرستىشى ئۈچۈن، ئامېرىكا (ئافغانىستاندىكىدەك) يىگىرمە يىل ئەمەس، پەقەت ئازغىنە مۇددەت بەرداشلىق بەرسىلا كۇپايە.

9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، بايدىن بىلەن شى جىنپىڭ تېلېفوندا پاراڭلاشقاندا، ئىككىلا تەرەپ بۇ ئاساسلىق پايدا ـ زىيان مەسىلىسىنى پۇرتىپ ئۆتتى، شۇنداقلا ئىككى تەرەپ يەنە «ئىككى تەرەپنىڭ رىقابەتنىڭ توقۇنۇشقا ئايلىنىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتىنى مۇزاكىرە قىلدى» (ئاقسارايى ئېلان قىلغان نۇسخا).

خىتاي رەھبەرلىرى بايدىن ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ جىددىيلىشىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ بولدى. ھازىر ئۇلار دۇچ كېلىۋاتقان رېئاللىق شۇكى، ئامېرىكا خىتاينىڭ (تەيۋەنگە قىلغۇسى) ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى خالىشى ھەمدە بۇنىڭغا قادىر بولۇشى ـــ ھەتتا بۇ ئۇرۇشتىن دېرەك بەرگەن تەقدىردىمۇ ـــ مۇمكىن.

شۇڭلاشقا، گەرچە ئافغانىستاندىكى ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرۇشقا تۈرلۈك سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشنىڭ خىتاينىڭ تەيۋەن توغرىسىدىكى تۈتۈمغا بولغان تەسىرى مەزكۇر سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئەمەس ھەم ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://cn.nytimes.com/opinion/20210914/china ـ taiwan ـ afghanistan/dual/



# ھەدىس ھەققىدە بايانلار

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# ھەدىس ھەققىدە بايانلار

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

ئالدىنقى قىسىمدا تارىخىي تەرتىپ بويىچە ئىسلامىيەت تارىخىدىكى سەھىھ ھەدىس شەرىپلەر توپلانغان ئانا كىتابلار ئىچىدە فىقھى تەرتىپ بويىچە توپلانغان تۇنجى مۆتىۋەر ھەدىس كىتابى «مۇۋەتتا» ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەسنىڭ ئىلمىي ھاياتى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىققان ئىدۇق. ئەمدى بۇ ساندا «مۇۋەتتا»دىن باشقا مۆتىۋەر ۋە نوپۇزلۇق ھەدىس كىتابلىرى ۋە ئۇنىڭ ئاپتورلىرى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقىمىز.

**1. ئىمام ئەھمەدنىڭ «مۇسنەد ئىمام ئەھمەد» ناملىق كىتابى :**

ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىرنىڭ بېشىدا باشلانغان ھەدىسلەرنى توپلاش ۋە ئايرىش، ھەدىس تەلىم ئالغانلارنى ئۇنىۋېرسال باھالاش ۋە تەنقىدلەشنى ئاساس قىلغان ئىلمىي ھەرىكەت بىر ئەسىردىن كېيىن ئۆنۈمىنى كۆرسەتتى. نەتىجىدە ھىجرىيە ئۈچىنچى ئەسىر كىرىشى بىلەنلا، ئىسلام دۇنياسىدا تا ھازىرغىچە نوپۇزىنى ۋە قىممىتىنى ساقلاپ كەلگەن مۆتىۋەر كىلاسسىك ھەدىس كىتابلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. ئىمام ئەھمەدنىڭ «مۇسنەد» ناملىق كىتابى ئەنە شۇ نوپۇزلۇق ئانا كىتابلاردىن بىرى ئىدى.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مەشھۇر ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا شەيخۇل ئىسلام (ئىسلام پەنلىرىدە كامالەتكە يەتكەن مۇنەۋۋەر ئالىم) ئۇنۋانى بېرىلگەن. ئۇ فىقھى، ھەدىس ۋە ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدا كامالەتكە يەتكەن مەشھۇر ئىمام ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ سۈننىي مەزھىپىدىكى تۆت چوڭ مەزھەپنىڭ بىرى بولغان «ھەنبەلى مەزھىپى»نىڭ پېشۋاسى ئىدى. ئوخشىمىغان مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئىمام ئەھمەد ئۆمرىدە بەش قېتىم مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغان.

ئەرەبچە مەنبەلەرگە كۆرە، ئىمام ئەھمەد ئىراقتىكى باغداتتا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. بىراق باشقا مەنبەلەردە ئۇنىڭ خوراساندا تۇغۇلغانلىقى ۋە شۇ يەرنىڭ ئاھالىسىگە سىڭىشىپ كەتكەن ئەرەب نەسىللىك كىشى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئۇ ھىجرىيە 164 ـ يىلى (مىلادىيە 780 ـ يىلى نويابىر) رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ بېشىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى مۇھەممەد ئوتتۇز ياشتا ۋاپات بولغان. نەتىجىدە ئىمام ئەھمەد كىچىكىدە يېتىم بولۇپ چوڭ بولغان. بۇ ئۇنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزىگە تايىنىدىغان ۋە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش كۆرەلەيدىغان ئېسىل خاراكتېرىگە ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە تىز پۈكمەس ئەزىمەت بولۇپ يېتىلىشىگە ئاساس سالغان.

ئىمام ئەھمەد مول بىلىمى ۋە كۈچلۈك ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى بىلەن ئۆز دەۋرىدە ئالاھىدە تونۇلغان. ئۇ زىيادە زاھىدلىقى، ئالتىس تەقۋادارلىقى، سەۋرچانلىقى، كەڭ قورساقلىقى، ھەققەتنى قورقماي سۆزلەش ۋە ھۆكۈمرانلارغا كەسكىن نەسىھەت قىلىش مەشھۇر بولغان. ئۇ ئاللاھ يولىدا ھەر قانداق نوپۇزدار ئەيىبلىگۈچىنىڭ مالامەتىدىن قىلچە قورقمىغان. بۇ خاراكتېرى ئۇنى چارەك ئەسىر ئادەم تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز زىيانكەشلىكلەرگە دۇچار قىلغان. ئەمما ئۇ قىلچە ئۆزىنى تاشلىۋەتمىگەن.

ئىمام ئەھمەد ئەينى ۋاقىتتىكى خەلىپە ئەلمەئمۇن دەۋرىدە ئابباسىيلار دەۋرىدە يۈز بەرگەن «قۇرئان مەخلۇقمۇ ئەمەسمۇ؟» تېمىسىدىكى پىتنە ـ پاساتلار نەتىجىسىدە تارتقان ئازابلىرىغا سەۋر قىلغانلىقى بىلەن داڭق چىقارغان. بۇ پىتنە ئەلمۇئتەسىم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەلۋاسىققىچە داۋام قىلغان. مەزكۇر خەلىپىلەر ۋە ئۇلارنى مايىل قىلىۋالغان مۇئتەزىلە مەزھىپىنىڭ قارىشىچە «قۇرئان مەخلۇق» ئىدى. ئەمما ئىمام ئەھمەد ۋە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ باشقا ئالىملىرى بۇ بىدئەت سۆزگە قوشۇلمىغان. شۇڭا ئىمام ئەھمەد تۈرمىگە تاشلانغان. گەرچە ئۇ قىينالغان ۋە قىيىن قىستاققا ئېلىنغان بولسىمۇ، سەۋرچان بولۇپ، ھەق سۆزىدىن قىلچە يانمىغان. كېيىنچە ئۇ خەلىپە ۋاسىق بىللاھ دەۋرىدە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن. ئەمما ۋاسىق ئۇنى ھەدىس ئۆگىتىش، تۈرلۈك ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، ھەتتا كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈش قاتارلىق ئىشلاردىنمۇ چەكلىگەن. ئاخىرىدا ئەلمۇتەۋەككىلگە خەلىپىلىك نېسىپ بولغاندا، بۇ پىتنىگە پۈتۈنلەي خاتىمە بېرىلگەن. تولىمۇ ئەپسۇس، بۇ ۋاقىتتا ئىمام ئەھمەد ئاللىبۇرۇن ياشىنىپ، ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئىمام ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يەتتە يىلىنى بۇرۇنقىدەكلا ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش بىلەن ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزگەن.

مۇسنەدۇ ئەھمەد (مسند الإمام أحمد بن حنبل)، مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ بىرى بولغان ھەنبەلىي مەزھىپىنىڭ ئىمامى بۈيۈك مۇھەددىس ئەبۇ ئابدۇللاھ ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەل ئەششەيبانىي

ئەلمەرۋەزىي (ھ. 164 ـ 241 / م. 780 ـ 855) تەرىپىدىن ئوغلى ئابدۇللاھقا سۆزلەپ بېرىلىپ، شۇ ئوغلى تەرىپىدىن يېزىلىپ رەتلەنگەن چوڭ ھەجىملىك ھەدىس توپلىمىدۇر.

ھەدىسلەر رىۋايەت قىلغۇچى ساھابىگە ئاساسەن جەملەنگەن «مۇسنەد» شەكلىدە تۈزۈلگەن بۇ ئەسەردە ساھابىلەرنىڭ ئىسىملىرى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلغان بولماستىن، بەلكى ئالدى بىلەن خۇلەفائى راشىدىن (توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى تۆت خەلىپە)، ئاندىن ئەشەرەئى مۇبەششەرە (جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ساھابىلەر)، ئاندىن ئەھلى بەيتتىن باشلاپ مۇئەييەن تەرتىپتە يېزىلغان. ئىمام ئەھمەد ئەسەردە ھەدىس تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكەن 61 يىللىق ئۆمرىدە 283 ئۇستازىدىن ئاڭلاپ توپلىغان، 904 ساھابىدىن كەلگەن «سەھىھ»، «ھەسەن» ۋە ئاز بىر قىسمى «زەئىف» دەرىجىدىكى 30 مىڭغا يېقىن (تەكرارلانغانلىرى بىلەن 40 مىڭ) ھەدىسنى تاللاپ كەلتۈرىدۇ.

ئەسەرنى تەھقىقلەپ نەشرگە تەييارلىغان شەيخ شۇئەيب ئارناۋۇت باشچىلىقىدىكى ئىلمىي گۇرۇپپا تەرىپىدىن بېكىتىلىشىچە، ئۇنىڭدىكى ھەدىسلەرنىڭ سانى 27 مىڭ 679 «مەرفۇئ» (ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى «مەۋقۇف» ۋە «مەقتۇئ») ھەدىس، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمام ئەھمەدنىڭ ئوغلى قوشۇپ قويغىنى 642 ھەدىستۇر. ئەڭ بۈيۈك ھەدىس توپلىمى ۋە خەزىنىسى بولغان بۇ كاتتا ئەسەرنىڭ مۇكەممەل نەشرى شەيخ شۇئەيب ئارناۋۇت باشچىلىقىدىكى ئىلمىي گۇرۇپپا تەرىپىدىن 2001 ـ يىلى بېيرۇتتا 50 توم ھالىتىدە نەشر قىلىنغانلىقى مەلۇم. ئىمام ئەھمەد ئۆز ئوغلىغا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن :«مەن بۇ كىتابىمدىكى ھەدىس شەرىپلەرنى 750 مىڭ ھەدىس ئىچىدىن تاللاپ يېزىپ چىقتىم. مۇسۇلمانلار ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرى ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا مۇشۇ كىتابقا مۇراجىئەت قىلسۇن».

## 2. مەشھۇر ھەدىس دەستۇرى «سەھىھۇل بۇخارى»

ھەدىس شەرىپلەر قاتتىق تەكشۈرۈش ۋە تاللاش نەتىجىسىدە خاتىرىلەنگەن ئەڭ ئىشەنچلىك ھەدىس كىتابلىرى ئىچىدە ئالتە ئانا كىتاب ئەڭ نوپۇزلۇق ۋە مۆتىۋەر بولۇپ، بۇ كىتابلار نوپۇزى ۋە تەسىرى بويىچە رەت تەرتىپ بىلەن «سەھىھۇل بۇخارى»، «سەھىھ مۇسلىم»، «جامىئۇت تىرمىزى»،«سۇنەن ئەبۇ داۋۇد»، «سۇنەن نەسەئى» ۋە «سۇنەن ئىبنى ماجە» دىن ئىبارەت. بەزى مۇھەددىس ئالىملار «سۇنەن ئىبنى ماجە» نىڭ ئورنىغا ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس رەھىمەھۇللاھنىڭ «ئەل مۇۋەتتا» ناملىق كىتابىنى قويۇشقان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «سەھىھۇل بۇخارى» ئەڭ سەھىھ، ئەڭ نوپۇزلۇق كىتاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇ قۇرئان كەرىمدىن قالسىلا ئەڭ ئىشەنچلىك دەستۇر دەپ قارىلىدۇ.

«سەھىھۇل بۇخارى» (صحيح البخاري)»، مەشھۇر ھەدىس ئالىمى، ھەدىس ئىلمىدە «ھەدىس ئىللەتلىرىنىڭ دوختۇرى»، «ئەمىرۇل مۇئمىنىن» دەپ نام ئالغان مۇھەددىسلەر سەردارى ئىمام بۇخارى (ھ. 194 ـ 256 / م. 810 ـ 870) نىڭ «سەھىھۇلبۇخارى» نامى بىلەن مەشھۇر، (سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇل مۇسلىمدىن ئىبارەت) ئەڭ ئىشەنچلىك ئىككى سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ تولۇق ئىسمى «ئەلجامىئۇس سەھىھ (الجامع المسند الصحيح المختصر من أمور رسول الله صلى الله عليه وسلم وسننه وأيامه)»دۇر. جىمى ئالىملار ئاللاھنىڭ كىتابى «قۇرئان كەرىم»دىن قالسا، ئەڭ سەھىھ كىتابنىڭ «سەھىھەين» (سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇل مۇسلىم)، «سەھىھەين»نىڭ ئەڭ سەھىھى «سەھىھۇل بۇخارى» ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. ئىمام بۇخارى مەزكۇر كىتابىدا ئەقىدە، ئەھكام، تەپسىر، تارىخ، جىھاد، ئەدەپ ـ قائىدە ۋە پەزىلەتلەرگە ئالاقىدار ئەڭ سەھىھ ھەدىسلەرنى 600 مىڭغا يېقىن ھەدىستىن تاللاپ توپلىغان. ئىمام بۇخارى بۇ كىتابىغا تاللىغان سەھىھ ھەدىسلەرگە قاتتىق شەرتلەرنى قويغان ۋە ھەربىر ھەدىس ئۈچۈن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئىستىخارە سېلىپ، ھەدىسنىڭ سەھىھلىكىنى جەزم قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنى كىتابىغا كىرگۈزگەن. ئۇنىڭدىكى سەنەدلىك ھەدىسلەرنىڭ سانى تەكرارلىرىنى ھېسابلىمىغاندا 2602، تەكرارلىرى بىلەن 7563، جەمئىي سەنەدلىكلىرى 9082، بەزى جايدا سەنەدلىك كەلگەن بولسىمۇ ئومۇم مۇئەللەقاتلىرى (سەنەدسىزلىرى) 1341، پەقەتلا سەنەدسىزلىرى 159 ھەدىس بولۇپ، جەمئىي98 بۆلۈم، 3450 بابقا بۆلۈنگەن.

ئىمام بۇخارى ئۆز دەۋرىدە يېزىلغان ھەدىس كىتابلىرىدا سەھىھ ۋە زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ ئارىلاش خاتىرىلىنىپ قالغانلىقىنى، ھەمدە ھەدىسلەرنىڭ تېمىلار ۋە ماۋزۇلار ئاساسىدا رەتلىك تۈپلەنمىگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھاياتىنىڭ 16 يىلىنى مەخسۇس ھەدىس رىۋايەت قىلغان كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى توپلاپ چىقىپ، شۇ ئاساستا بارلىق ھەدىسلەر ئىچىدىن ئەڭ سەھىھ بولغان ھەدىسلەرنى تاللاپ چىقىپ، ئىنچىكە ئانالىز ۋە تەكشۈرۈش، ئۇنىۋېرسال تەپتىش ۋە پۇختا تەھقىقتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، مەزكۇر كىتابنى يېزىپ چىققان. ئىمام بۇخارى مەزكۇر كىتابنى ئۆزى بىۋاستە توپلاپ چىققان 600 مىڭ ھەدىس شەرىپ ئىچىدىن ئەڭ سەھىھ ۋە راۋىلىرى ئەڭ ئىشەنچلىك بولغانلىرىنى تاللاش ئارقىلىق 16 يىلدا يېزىپ تاماملىغان. سەھىھ ھەدىسلەرنى تاللاش ئۈچۈن ھەدىس رىۋايەت قىلغان ھەر بىر كىشىنىڭ تارىخىنى ۋە ئەخلاقى ـ پەزىلىتىنى تولۇق بىلىش شەرت بولغاچقا، ئىمام بۇخارى نوقۇل ھەدىس ئىلمى جەھەتتىكى گىگانت پېشۋا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق تارىخچىسىغا ئايلىنىپ قالغان. ئىمام بۇخارى ئۆزىنىڭ مۇشۇ 16 يىللىق جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق مىلادى 9 ـ ئەسىردە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قۇرئان كەرىمدىن قالسىلا ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ تونۇلغان بىباھا دەستۇرنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولسا،

بـۇۋمـىز مەھمۇد قەشقىرى 11 ـ ئەسـىردە ئـومۇمەن پۈتۈن تۈرك ـ ئـىسـلام دۇنـيـاسـىـغـا، خۇسۇسەن بىز ئۇيغۇرلارغا ئەبەدىي تەۋرەنمەس يىمىرىلمەس بىر ئابىدىنى تىكلىگەندەك زور بىر ئۇلۇغ بۇرۇلۇش ياساپ كەتتى. ھەر ئىككى ئالىم بۇ ئىككى ئۆلمەس ئەسەر ئۈچۈن ھاياتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك 16 يىلىنى سەرپ قىلدى.

ئىمام بۇخارى بۇ كىتابىنى يېزىپ بولۇپ، ئۇستازى ئىمام ئەھمەد، يەھيا ئىبنى مەئىن، ئەلى ئىبنى مەدىنى ـ قاتارلىق بۈيۈك ئالىملارغا كۆرسەتكەن. ئۇلار بىردەك بۇ كىتابنىڭ سەھىھ ھەدىسلەردىنلا تۈزۈلگەنلىكىنى ئالاھىدە ماختاپ ئاپىرىن ئوقۇشقان. ئەنە شۇنىڭدىن بېرى، تا ھازىرغىچە ھەر بىر دەۋرنىڭ بارلىق بۈيۈك ئالىملىرى ۋە مۇھەددىسلىرى مەزكۇر ئانا كىتابنىڭ قۇرئان كەرىمدىن قالسىلا ئەڭ مۆتىۋەر ۋە مۇتلەق ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىپ كېلىشكەن. ئىمام زەھەبى «ئىسلام تارىخى» دېگەن كىتابىدا مەزكۇر كىتاب ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ قىممىتى ۋە شۆھرىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇ كىتابنى ئىمام بۇخارىنىڭ ئۆزىدىن بىۋاستە تەلىم ئالغانلارلا 90 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ رېكورت يارىتىلغان.

«سەھىھۇلبۇخارى» دا ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان ساھابىلەرنىڭ سانى 183 نەپەر بولۇپ، بۇلارنىڭ31 نەپىرى ئايال ساھابىلەر ئىدى. بۇلار ئارىسىدا رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرى ئەڭ كۆپ بولغان ساھابىلەر تەرتىپ بويىچە ئەبۇ ھۇرەيرە 446 ھەدىس، ئەنەس 268 ھەدىس، ھەزرىتى ئائىشە 242 ھەدىس، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس 217 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارىنىڭ ھەدىس ئىلمىدىكى ئىقتىدار ۋە تالانتى، ئىلىمگە بولغان مۇھەببىتى ۋە ئەقىل ـ ئىدراكى ھەققەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە، ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك ئىدى. ئىمام بۇخارى ئۆزىنىڭ 100 مىڭ سەھىھ ھەدىس ۋە 200 مىڭ غەيرى سەھىھ ھەدىسنى يادقا بىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئەينى چاغدا باغداتتىكى بۈيۈك ئالىملار تېخى ياش يىگىت بولغان ئىمام بۇخارىنى بوش چاغلاپ، يۈز ئالىمنىڭ ھەر بىرى بىردىن ھەدىسنىڭ مەتنى (تېكىستى) ۋە سەنەدىنى (رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ يەتكۈزۈش شەجەرىسى) قەستەن ئالماشتۇرۇۋېتىپ، ئۇنى سىنىغان. بىراق ياش بۇخارى ئۇلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، 100 ھەدىسنىڭ تېكىستى ۋە بۇ ھەدىسلەرنى يەتكۈزگەن بارلىق كىشىلەرنىڭ ئورنىنى تېز سۈرئەتتە توپتوغرا رەتلەپ چىققان. ئەنە شۇندىلا بارلىق ئالىملار ئۇنىڭ تارىخ بىلىمى ۋە ھەدىس ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقان. ئىمام تىرمىزى ئۇستازى ئىمام بۇخارى ھەققىدە مۇنداق دېگەن :« ھەدىس شەرىپلەرنىڭ ئىسنادلىرى ۋە راۋىلارنىڭ تارىخلىرىنى ئىمام بۇخارىدەك پۇختا ۋە مۇكەممەل بىلىدىغان باشقا ئالىمدىن ئىسلام دۇنياسىدا، بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ نوپۇزلۇق ئالىملىرى بىلەن تولغان ئىراق ۋە خوراسان زېمىنلىرىدا ئۇچرىتىپ باقمىدىم». دەرۋەقە ئىمام بۇخارىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، بالا چاغلىرىدا يەتمىش مىڭ ھەدىسنى ياد ئېلىپ بولغانىدى. گەرچە ئىمام بۇخارى پۈتۈن ئۆمرىدە نۇرغۇن مۆتىۋەر كىتابلارنى يازغان بولسىمۇ، بىراق بۇ كىتابلارنىڭ كۆپ

قسمى موڭغۇل ئىستېپلاسىدا ۋە كېيىنكى مالىمانچىلىقلاردا يوقىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ھازىرغىچە بىزگە يېتىپ كېلىپ نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى تۆۋەندىكى ساھەلەرنى مەركەز قىلىپ يېزىلغان :

1) ھەدىس ۋە فىقھى ئىلىملىرىدە 10 چوڭ نوپۇزلۇق ئەسەر يازغان ۋە بۇگۈنگە يېتىپ كېلەلىگەن.

2) ئەقىدە ۋە تەپسىر ئىلمىدە ئىككى چوڭ ئەسىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلىگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا ئىمام بۇخارىدىن تەلىم ئالغانلارمۇ ئۆز زامانىسىنىڭ بۈيۈك ئالىملىرىدىن بولۇپ، ئۇلاردىن ئىمام مۇسلىم ئىبنى ھەججاج، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى، ئىبنى خۇزەيمە، ئىبنى ئەبى دۇنيا، قەببانى، نىشاپۇرى ۋە ئوبۇلقاسىم بەغەۋى قاتارلىق ئالىملارمۇ ئىمام بۇخارىدىن كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

### 3. سەھىھ مۇسلىم

سەھىھۇل مۇسلىم (صحيح مسلم)، بۇ كىتاب ئاتاقلىق ھەدىس ئالىمى أبو الحسين، مسلم بن الحجاج بن مسلم بن ورد بن كوشاذ القشيري النيسابوري، (ئىمام مۇسلىم ئىبنى ئەل ھەججاج ئىبنى مۇسلىم نىشاپۇرىي) (ھ. 206 ـ 261 / م. 821 ـ 875) نىڭ «سەھىھۇل مۇسلىم» نامى بىلەن مەشھۇر ئەڭ ئىشەنچىلىك ئىككى سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى بولغان «سەھىھەيىن»نىڭ ئىككىنچىسى «ئەلمۇسنەدۇسسەھىھ» (المسند الصحيح المختصر من السنن بنقل العدل عن العدل عن رسول الله صلى الله عليه وسلم» ناملىق بىباھا كىتابىدۇر. ئىمام مۇسلىم بۇ كىتابىنى 15 يىلدا (ھ. 235 ـ 250 / م. 849 ـ 864) تاماملىغان. ئۇ بۇ كىتابىغا ھەدىس ئىلمىدە ئىنتايىن قىممەتلىك ھېسابلانغان بىر مۇقەددىمە يازغان.

ھەدىسلەرنى تەكشۈرۈش، راۋىيلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ۋە رىۋايەتلەرنى سېلىشتۇرۇشتا ئالاھىدە كۆچ چىقارغان ۋە بۇ ھەدىس توپلىمىنى 300 مىڭ ھەدىستىن سۈزۈپ ئالغان. ئاندىن پەقەت سەھىھ ھەدىسلەرنىلا بايان قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ساھابە ۋە تابىئىنلاردىن كەلگەن بايانلارنى ئارىلاشتۇرمىغان. بىر مەزمۇنغا ئالاقىدار ھەدىسلەرنى بىر يەرگە جەملىگەن. بۇ جەھەتتىن باشقا كىتابلار بىلەن سېلىشتۇرغاندىكى پەرقلىق ئالاھىدىلىكى كۆپرەك. مۇھەددىسلەرنىڭ قارىشىچە، ئىمام مۇسلىم كىتابىدىكى ھەدىسلەرنى راۋىيلارنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىگە بىنائەن ئىككى قىسمغا بۆلگەن:

بىرى، ئەڭ پىشقان راۋىيلار رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەر «ئاساسلىق ھەدىسلەر»دۇر.

ئىككىنچىسى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك راۋىيلار رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەر «مۇتەبەئات (باشقا ساھابىدىن ئوخشاش مەزمۇندا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر)» بولۇپ، بۇ تۆردىكى ھەدىسلەردە بىرىنچى تۆردىكىدەك قاتتىق ئۆلچەملەر شەرت قىلىنمايدۇ.

ئەسەردىكى سەنەدلىك ھەدىسلەرنىڭ سانى تەكرارلىرىنى ھېسابلىمىغاندا 3333 (4000 دېگەنلەرمۇ بار)، تەكرارلىرى بىلەن جەمئىي 7275 (8000 ياكى 12 مىڭ دېگەنلەرمۇ بار)، جەمئىي 54 بۆلۈم، 3450 بابقا (بابلار ئىمام نەۋەۋىي تەرىپىدىن قويۇلغان) بۆلۈنگەن.

**4. سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد:**

سۈنەنۇ ئەبى داۋۇد (سنن أبي داود)، مۇھەددىس ئەبۇ داۋۇد سۇلايمان ئىبنى ئەلئەش ئەسسىجىستانىي (ھ. 202 ـ 275 / م. 817 ـ 888) ئۆمۈر بويى توپلىغان 500 مىڭ ھەدىس ئارىسىدىن سەنەددە ئۈزۈكلۈك بولمىغان ۋە راۋىيلىرىنىڭ زەئىپلىكى ھەققىدە بىردەكلىك بولمىغان ئەھكامغا دائىر 4800 (مۇئەللىپ ھېسابلىمىغانلىقى قوشقاندا 5274) ھەدىسنى تاللاپ تۈزگەن ئەسەر بولۇپ، «كۇتۇبۇسسىتتە» ( ھەدىس شەرىپلەر ھەققىدىكى ئالتە چوڭ دەستۇر كىتاب) ئىچىدىكى «تۆت سۈنەن» ( شۇ ناملىق تۆت ھەدىس كىتابىنىڭ بىرى) نىڭ بىرى. بۇ كىتاب 35 بۆلۈم، 1871 بابقا بۆلۈنگەن. «مەرفۇئ»، «مەۋقۇف» ۋە «مەقتۇئ» ھەدىسلەرنىڭ كۆپ قىسمى«سەھىھ» ۋە «ھەسەن» بولۇپ، ئاز بىر قىسمى «مۇرسەل»، ناھايىتى ئاز بىر قىسمى بەكلا «زەئىف»تۇر. ئىمام ئەبۇ داۋۇد بەزى «زەئىف» ھەدىسلەرنى كەلتۈرگەندە كۆپ ئەھۋاللاردا ئۇنىڭ زەئىپلىكىنى بايان قىلىپ ماڭغان، يەنە بىر قىسىم ھەدىسلەرنىڭ دەرىجىسى ھەققىدە بولسا، ئۇ مەزمۇندا باشقا سەھىھ ھەدىس بولمىغاچقا ھەم «زەئىف» ھەدىسنى قىياسنىڭ ئالدىغا قويىدىغان بولغاچقا، بىرنەرسە دېمىگەن. ئومۇمەن، بۇ ئەسەر ئەھكام ھەدىسلىرى ھەققىدە «سەھىھەين» (يەنى سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇل مۇسلىم) دىن قالسا ئەڭ مۇھىم ئەسلى مەنبەلىك ئانا كىتاب ھېسابلىنىدۇ. يېقىنقى زامانىدىكى مۇھەددىس شەيخ ناسىرۇددىن ئالبانىي «سۈنەنۇ ئەبى داۋۇد»تىكى ھەدىسلەرنى «سەھىھۇ سۈنەنى ئەبى داۋۇد» ۋە «زەئىفۇ سۈنەنى ئەبى داۋۇد» نامىدا ئىرىك ھەجىملىك ئىككى كىتابتا 2734 «سەھىھ» ۋە 561 «زەئىف»كە ئايرىغان ۋە بۇ ئىككى ئەسەردە سەنەد ۋە راۋىيلار ھەققىدە بىر قىسىم تەپسىلىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغانلىقى مەلۇم.

**5. سۈنەنى تىرمىزى:**

سۈنەنى تىرمىزى ناملىق كىتاب ئەسلىدە سۈنەنۇت تىرمىزىي ئەلجامىئۇل كەبىر (سىنالترمذي / الجامع المختصر من السنن عن رسول الله ومعرفة الصحيح والمعلول وما عليه العمل» ناملىق كىتابنىڭ قىسقارتىلما ئىسمى بولۇپ، بۇ كىتاب ئاتاقلىق مۇھەددىس مۇھەممەد ئىبنى ئىيسا ئەتتىرمىزى (ھ. 209 ـ 279 / م. 824 ـ 892) تەرىپىدىن ساھابە ـ تابىئىنلار ۋە مۇجتەھىد ئالىملار تەرىپىدىن ئەمەل قىلىنىپ كەلگەن ئەھكامغا دائىر 3956 ھەدىسنى فىقھى تەرتىپ بويىچە 51 بۆلۈم ۋە 2285 بابقا ئايرىپ، ھەدىس بىلەن فىقھنى جەملەپ تۈزۈلگەن ئەسەر بولۇپ، «كۇتۇب ئەسسىتتە» (ئالتە كىتاب) ئىچىدىكى «تۆت سۈنەن»نىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭدىكى «مەرفۇئ»، «مەۋقۇف» ۋە «مەقتۇئ» ھەدىسلەرنىڭ كۆپ قىسمى «سەھىھ» ۋە «ھەسەن» بولۇپ، ئاز بىر قىسمى «مۇرسەل»، ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى بەكلا «زەئىپ»تۇر. ئىمام تىرمىزى ھەدىسلەرگە «سەھىھ» ياكى «ھەسەن» ياكى«ھەسەن سەھىھ»، ياكى «غەرىب» دېگەنگە ئوخشىغان باھا بېرىش بىلەن بىللە، ئۇ ھەدىسلەرگە قارىتا ئالىملارنىڭ قاراشلىرى ۋە چۈشەنچىلىرىنى، ھەدىسلەردىكى ئىللەتلەرنى، راۋىيلارنىڭ ئىسىم، كۇنىيەلىرىنى (ئەرەبچە خاس لەقەم) ۋە ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى بايان قىلىدۇ. «ئىلەلۇت تىرمىزىي» نامىدا ئايرىم ئەسەر سۈپىتىدە تونۇلغان ئەسەرمۇ ئەمەلىيەتتە بۇ ئەسەرنىڭ بىر بۆلۈمىدۇر. «سۈنەنى تىرمىزى» مەتبەئەدە تۇنجى بولۇپ 1875 ـ يىلى قاھىرەدە، كېيىن 1910 ـ يىلى دېھلىدا بېسىلغان. ئەڭ سۈپەتلىك نەشرى 2009 ـ يىلى شەيخ شۇئەيب ئارناۋۇت تەرىپىدىن تەييارلىنىپ 6 تومدا (ئاخىرقى توم مۇندەرىجە ۋە تىزىقلار) بېسىلغان. شەيخ ئالبانى مەزكۇر ئەسەردىكى ھەدىسلەرنى «سەھىھۇت تىرمىزىي» ۋە «زەئىفۇت تىرمىزىي» ناملىق ئىككى كىتابتا % 73.2 «سەھىھ» ۋە % 16.8 «زەئىف» كاتېگورىيىسىگە ئايرىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

### 6. سۈنەنى نەسائىي :

سۈنەنۇ نەسائىي (السنن الصغرى / المجتبى من السنن) ناملىق كىتابنىڭ قىسقارتىلما ئىسمى بولۇپ، ئاتاقلىق مۇھەددىس ئەبۇ ئابدۇرراھمان ئەھمەد ئىبنى شۇئەيب ئىبنى سىنان ئەننەسائىي (ھ. 215 ـ 303 / م. 830 ـ 915) تەرىپىدىن توپلانغان، 11949 ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك ھەجىمدىكى كىتابى «ئەسسۇنەنۇل كۇبرا»نىڭ سۈزمىسىدۇر.

ئەھكامغا دائىر 5774 ھەدىسنى فىقھى تەرتىپ بويىچە 58 بۆلۈم ۋە ھەربىر بۆلۈمنى بابلارغا ئايرىپ، ھەدىس بىلەن فىقھنى جەملەپ تۈزگەن ئەسەر بولۇپ، « كتب الستە» (ئالتە كىتاب) ئىچىدىكى«تۆت سۈنەن»نىڭ بىرىدۇر.

سۈزۈپ ئالغان ھەدىسلەرنىڭ سەھىھ بولۇشى ئۈچۈن قاتتىق شەرتلەرنى قويغاچقا، بەزى ئالىملار ئۇنى«كۇتۇبۇ سىتتە» (ئالتە كىتاب) نىڭ ئۈچىنچىسى دەپ قارايدۇ. ئىمام نەسائىي ھەدىسلەرگە باھا

بەرگەن بولۇپ، بىر ھەدىسنىڭ تۈرلۈك سەنەدلىرىنى بىر يەرگە جەملىگەن. ئۇنىڭدىكى «مەرفۇئ» ھەدىسلەرنىڭ كۆپ قىسمى (91.6%) «سەھىھ» بولۇپ، ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى (8.4%) «زەئىف»تۇر. ئۇنىڭدا سەنەد ۋە ھەدىسلەرنىڭ رىۋايەتلىرىدىكى پەرقلەرگە، شۇنداقلا بابلىرىدىكى فىقھ تەتقىقاتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. 2012 ـ يىلى قاتار ئەۋقاف (ۋەقفلەر) مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن ئەڭ مۇكەممەل نەشر قىلىنغان.

### 7. سۇنەنۇ ئىبنى ماجە

سۇنەنۇ ئىبنى ماجە (سنن ابن ماجه)، «كۇتۇبۇ سىتتە» (ئالته كتاب) نىڭ ئالتىنچىسى دەپ قوبۇل قىلىنغان ئەسەر، مەشھۇر ھەدىسشۇناس ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى يەزىد ئىبنى ماجە ئەلقەزۋىنىيگە (ھ. 209 ـ 273 / م. 824 ـ 886) ئائىت بولۇپ، بەزى ئالىملار تەرىپىدىن بابلارنىڭ فىقھى نۇقتىدىن ياخشى تىزىلغانلىقى ۋە ئىچىدە قايتىلانغان ھەدىس بولمىغانلىقى سەۋەبلىك «باشقا ھەدىس كىتابلىرىدىن تېخىمۇ قوللىنىلىشچان» دەپ قارالغان ئەسەردۇر.

مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقىي نەشرىدە 37 بۆلۈم، 1513 باب ۋە تۈرلۈك دەرىجىلەردىكى 4341 ھەدىس بار (مۇستافا ئەلئەزەمىي نەشرىدە 32 بۆلۈم، 1515 باب ۋە 4397 ھەدىس بار). تەتقىقاتچىلار بۇلارنىڭ «سەھىھ» ۋە «ھەسەن» بولغىنى 3519، «زەئىف»لىرى 800 ۋە «مەۋزۇئ»لىرى 44 ئەتراپىدا، دەپ يەكۈنلىگەن.

بۇلاردىن 3002 ھەدىس «ئالته كتاب»نىڭ قالغان بەشىدە كەلگەن، ئىبنى ماجە ئۇلاردىن ئارتۇقچە 1339 ھەدىس كەلتۈرگەن.

ئىمام شىھابۇددىن ئەھمەد بۇسايرىي (ھ. 762 ـ 840 / م. 1360 ـ 1436) ئىبنى ماجە بەش كىتابتىن ئارتۇقچە كەلتۈرگەن (بىر نەشرىدە 1476) ھەدىسلەرنى ئايرىم بىر كىتابتا جەملەپ سەنەدلىرىگە باھا بەرگەن ۋە ئەسىرىنى «مىسباھۇز زۇجاجە» (مصباح الزجاجة في زوائد ابن ماجه) دەپ ئاتىغان. كېيىن جەلالۇددىن ئابدۇرراھمان ئەسسۇيۇتىي (ھ. 849 ـ 911 / م. 1445 ـ 1505) مۇ ئوخشاش نامدا ۋە مەزمۇندا بىر شەرھى ئەسەر يازغان.

كىشى ئىسملىرى ۋە باشقا بىر قىسىم ئاتالغۇلارغا ئىزاھات :

1. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل :

**ئىمام ئەھمەدنىڭ تولۇق ئىسمى الإِمَامُ أَحْمَدُ بنُ مُحَمَّدِ بنِ حَنْبَلِ الشَّيْبَانِيُّ المَرْوَزِيُّ): ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەل ئەششەيبانىي ئەلمەرۋەزىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ)، (ھ. 164 ـ 241 / م. 780 ـ 855) بولۇپ، ئۇ باغدادتا ياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك مۇھەددىس، فەقىھ. مەشھۇر «تۆت مەزھەب»نىڭ بىرى بولغان «ھەنبەلىي مەزھىبى»نىڭ ئىمامى. «مۇسنەدۇ ئەھمەد» (چوڭ ھەجىملىك ھەدىسلەر توپلىمى)، «ئەززۇھد»، «مەسائىلۇل ئىمام ئەھمەد» ۋە «ئەلئىلەل» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى. ئۇ 780 ـ يىلى نويابىردا خوراساندا تۇغۇلغان. 795 ـ يىلدىن باشلاپ ھەدىس ئۆگىنىشكە باشلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن بىرى ئۇ تاكى 818 ـ يىلغىچە 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتنى سەھىھ ھەدىسلەرنى توپلاش ئۈچۈن پۈتۈن ئىسلام جۇغراپىيەسىنى كېزىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. 819 ـ يىلى 40 ياشقا كىرىش ھارپىسىدا باغداتتا رەسمىي مەدرىسە ئېچىپ، بەش مىڭدەك دىنىي ئوقۇغۇچىغا ھەدىس ئۆگەتكەن ۋە پەتىۋا بېرىپ، خىزمەت قىلغان. 830 ـ يىللىرىدىن باشلاپ تاكى ۋاپات بولغۇچە خەلىپىلەرنىڭ ۋە ئازغۇن دىنىي پىرقىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئىزچىل ئۇچراپ، ئۆيىگە نەزەربەند قىلىنغان. 855 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇست جۈمە، باغداتتا ۋاپات بولغان. ئىشەنچلىك مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ جىنازا (مېيىت) نامىزىغا تەخمىنەن بىر مىليون ئادەم قاتناشقان. بۇنىڭ ئىچىدە 60،000 ئايال بار. تارىخچىلار يەنە ئىمامنىڭ دەپنە مۇراسىمىدا يىگىرمە مىڭ خىرىستىيان ۋە يەھۇدىينىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بايان قىلغان. ئىمامنىڭ مېيىتى «ئۇرۇش دەرۋازىسى» دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان. بىراق 1937 ـ يىلى دەجلە دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ، قەبرە خەۋپتە قالغاچقا، باغدات ئاھالىسى ئىمامنىڭ جەسىتىنى باغدات ھەيدەرخانە رايونىغا يۆتكەپ دەپنە قىلغان.**

**2. خەلىپە ئەل مۇتەۋەككىل**

**ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇل فەزلى جەئفەر مۇتەۋەككىل ئىبنى مۇھەممەد مۇئتەسىم ئىبنى ھارۇن رەشىد ئىبنى مۇھەممەد مەھدى ئىبنى ئەبۇ جەئفەر مەنسۇر بولۇپ، ئاتا ـ بوۋىسى ھەزرىتى ئابباس ۋە دادىسى ئابدۇلمۇتەللىپ ئارقىلىق ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇ ئابباسىيلارنىڭ 10 ـ خەلىپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 822 ـ يىلى مارتتا دادىسى ھەربىي بازا قىلىپ ئىنشا قىلىۋاتقان سامەرادا تۇغۇلغان. 847 ـ يىلى 8 ـ ئاۋغۇست، ۋاپات بولغان ئاكىسى ۋاسىق بىللاھ ( 816 ـ 847 )نىڭ ئورنىغا خەلىپە بولغان. ئۇنىڭ دەۋرىدە ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەت مەزھىپى قايتىدىن يولغا قويۇلۇپ، باشقا بىدئەتچى مەزھەپلەر چەكلەنگەن. نەتىجىدە ئالدىنقى ئۈچ خەلىپە دەۋرىدە كۆرۈلگەن غايەت زور مالىمانچىلىق پەسكويغا چۈشكەن. بىراق ئۇ ۋەلىئەھدى تەيىنلەش ئىشىدا بوۋىسى ھارۇن رەشىدكە ئوخشاش**

خاتالىق سادىر قىلىپ، ئۈچ ئوغلىنىڭ ئورتاق دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالغان. ئاقىۋەت چوڭ ئوغلى مۇنتەسىر تۈرك قوماندانلارنىڭ ياردىمىدە 861 ـ يىلى 11 ـ دېكابىر چارشەنبە كېچىسى خەلىپە ئەلمۇتەۋەككىلنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ، شۇلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئۆزى خەلىپە بولۇۋالغان. دەۋرداشلىرىدىن بەسرە قازىسى ئىبراھىم ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن :«ئىسلاھاتچى خەلىپىلەر ئۈچ : تۇنجىسى مۇرتەدلەرنى ئىمانغا قايتۇرۇپ كەلگەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى. يەنە بىرى ئۇمەييەلەر جەمەتى پەيدا قىلغان بارچە ناھەقچىلىقلەرگە خاتىمە بەرگەن خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، ئەڭ ئاخىرقىسى بىدئەتنى سۈپۈرۈپ يوقىتىپ، سۈننەتنى تىرىلدۈرگەن خەلىپە ئەل مۇتەۋەككىلدۇر». ئىبنى جەۋزىمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن :«خەلىپە ئەل مۇتەۋەككىل بىدئەت گۈلخانلىرىنى ئۆچۈرۈپ، سۈننەت مەشئەللىرىنى قايتىدىن ياققانىدى».

### 3. ئىمام بۇخارى

ئىمام بۇخارىنىڭ تولۇق ئىسمى أبو عبد الله محمد بن إسماعيل بن إبراهيم بن المغيرة بن بَرْدِزْبَه الجعفي البخاري (ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ئەل مۇغىرە ئىبنى مەردەزبىھئەل جۇفىي ئەل بۇخارى) بولۇپ، ئۇ مىلادى 810 ـ يىلى 22 ـ ئىيۇل ( ھىجرىيە 194 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ13 ـ كۈنى) جۈمە كېچىسى بۇخارا شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئىسمائىل ئۆز دەۋرىدە تونۇلغان مۇھەددىس بولۇپ، ئىمام بۇخارى كىچىك چاغدىلا دادىسى قازا قىلىپ كېتىپ يېتىملىكتە چوڭ بولغان. ياش بۇخارى كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرى يەتمىگۈدەك ھىممەت ۋە شجائەت بىلەن 16 ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا ئەڭ مەشھۇر ئالىملاردىن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ۋە ئىمام شافىئىنىڭ ئۇستازى ۋەكىئنىڭ كىتابلىرىنى يادقا ئېلىپ بولغان. ئاندىن كېيىن 825 ـ يىلى ئانىسى ۋە ئاكىسى ئەھمەد بىلەن بىللە مەككىگە ھەج قىلغىلى بېرىپ، ھەجدىن كېيىن ئانىسى ۋە ئاكىسىنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆزى ھەدىس ئۆگىنىش ئۈچۈن تۇرۇپ قالغان. ئۇزاق ئۆتمەي مەدىنىگە بېرىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك قەبرىسى يېنىدا ئاي يورۇقىدا داڭلىق كىتابلىرىدىن بىرى بولغان «التاريخ الكبير» ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىققان. بۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن ئىدى. ئاندىن كېيىن خۇراسان، بەلخ، نىشاپۇر، مەرۋە، رەي، ھىرات، ئىراق، ھىجاز، شام، مىسىر ۋە باشقا مۇھىم يەرلەرگە سەپەر قىلغان ۋە 16 يىل ئۇدا سەھىھ ھەدىس توپلىغان. ئىلىم ھاياتىدا ئوقۇغان ئۇستازلىرىنىڭ سانى 1080 گە يەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز دەۋرىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق مەشھۇر ئالىملاردىن ئىدى. ئىمام بۇخارى ئىلىم ئىزدەپ يولغا چىققان ئۇزۇن يىللىق قۇتلۇق سەپىرىنى ۋە نىشاپۇردىكى بەش يىللىق ئۇلۇغ مۇدەررىسلىك ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئانا يۇرتىغا قايتقاندا بۇخارا ۋالىيسى خالىد ئىبنى ئەھمەد زۇھەلى ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئىمام بۇخارىنى چاقىرتىپ، ئۆكتەملىك بىلەن

باللىرىغا خاس ئۇقۇتقۇچى بولۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئىمام بۇخارى ئىلمنى ئەمەلدارنىڭ باللىرىغا ئەمەس، بەلكى ئاۋامغا ئۆگىتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان. بۇنىڭدىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشكەن نامەرد ئەمەلدار دەرھال بۇخارا ئۆلىمالىرىنى ئىمام بۇخارىغا قارشى كۈشكۈرتكەن. بىر قىسىم ھەسەتخور جاھالەت پىرلىرى دەرھال «قۇرئان زادى مەخلۇقمۇ ئەمەسمۇ؟» دېگەن پىتنىنى قايتا كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئىمام بۇخارىغا قارا چاپلىغان. ۋالىي بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىمام بۇخارىنى سەمەرقەندكە يېقىن خەرتەڭ دېگەن جايغا سۈرگۈن قىلغان. ئىمام بۇخارى ئەنە شۇ سۈرگۈن يولىدا كېتىۋېتىپ، سەمەرقەندكە سەككىز كىلومېتىر كېلىدىغان خەرتەڭدە 870 ـ يىلى 1 ـ سېنتەبىر (ھىجرىيە 256 ـ يىلى روزا ھېيت كېچىسى) ۋاپات بولغان. روزا ھېيت كۈنى دەپنە قىلىنغان. ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، سامانىلار جەمەتى ھازىرقى ئۆزبېكىستاننى ئابباسىيلاردىن ئايرىپ چىقىپ، سامانىلار خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان. ناۋادا ئىمام بۇخارىنى شۇ چاغدىكى نائەھلىلەر ئۇجۇقتۇرمىغان بولسا، ئىمام بۇخارى مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئۇستازى بولغان ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان بولاتتى. گەرچە بىر قىسىم تۈرك دۈشمەنلىرى ئۇنى پارس نەسىللىك كىشى دەپ قارىسىمۇ، بىراق بارتولدنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىتەرەپ تارىخچىلارنىڭ نەزىرىدە ئىمام بۇخارىنىڭ دەل بۇخارالىق توققۇز ئوغۇز پۇشتى ئەھمەد ئىبنى تولۇن ۋە فارابى، كېيىنكى مەھمۇد كاشغەرى بىلەن ئوخشاش بىر مىللەتتىن ئىكەنلىكى، يەنى ئۇيغۇر ئىكەنلىكى ئېلگىرى سۈرۈلمەكتە. بىراق ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ غەربىدىكى تارىمىقى بولغان ئۆزبېك خەلقى ئىمام بۇخارىنىڭ كىملىكىگە ئىگە چىقىپ پەخىرلەنمەكتە.

### 4. ئىمام مۇسلىم :

ئىمام مۇسلىمنىڭ تولۇق ئىسمى مسلم بن الحجاج بن مسلم بن ورد بن كوشاذ القشيري النيسابوري، أبو الحسين بولۇپ، ئۇ 822 ـ يىلى (ھىجرىيە 206 ـ يىلى) نىشاپۇردا تۇغۇلغان بولۇپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەرەب ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 12 يېشىدىن باشلاپلا ھەدىس ئۆگىنىشكە باشلىغان. ئۇمۇ ئىمام بۇخارىغا ئوخشاشلا كۆپلىگەن جايلارنى كېزىپ 15 يىل ھەدىس توپلىغان. ئۇنىڭ تەلىيىگە ئىمام بۇخارى ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆزىدىكى بارلىق ئەۋزەللىكلەر ۋە تەجرىبىلەر ئاساسىدا ئۇنىڭغا يول كۆرسەتكەن ۋە مەدەت بەرگەن. نەتىجىدە نوپۇز ۋە ئىمتىيازدا سەھھۇل بۇخارىدىنلا كېيىن تۇرىدىغان يەنە بىر يېتۈك ھەدىس دەستۇرى سەھىھ مۇسلىم دۇنياغا كەلگەن. 44 يىلغا سوزۇلغان ھەدىسشۇناسلىق مۇساپىسىنى تاماملىغان ئىمام مۇسلىم 875 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇل يەكشەنبە كەچ (ھىجرىيە 261 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى) ئانا يۇرتى نىشاپۇردا 53 يېشىدا ۋاپات بولغان.

**5. ئىمام ئەبۇ داۋۇد :**

**ئىمام ئەبۇ داۋۇدنىڭ تولۇق ئىسمى** أبو داود سليمان بن الأشعث بن إسحاق بن بشير سجستانى **بولۇپ، ئەبۇ داۋۇد نامى بىلەن تونۇلغان. ئۇ 817 ـ يىلى سجىستاندا تېگى يەمەنلىك ئەرەب ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ئىمران سىففىن ئۇرۇشىدا ھەزرىتى ئەلىنىڭ سېپىدا ئۆلۈپ كەتكەن. سجىستان ھازىرقى ئافغانىستان،پاكىستان ۋە ئىرانغىچە سوزۇلىدىغان مۇھىم جاي بولۇپ، بۇ يەر دەسلەپتە ئابباسىلارغا قاراشلىق تاھىرىلارغا، ئاندىن كېيىن سافغارىلار ۋە سامانىلارغا، ئاخىرىدا غەزنەۋىلەر ۋە سالجۇقلارغا تەۋە بولغان. كېيىنچە بۇ جايلار بارا ـ بارا پالۇجىستانغا قوشۇلۇپ كەتكەن. ئىمام ئەبۇد داۋۇد خۇراسان، رەي ۋە ھىراتلاردا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، 836 ـ يىلى كۇفەگە كەلگەن. باغداتقا كۆپ قېتىم (ئاخىرقىسى 885 ـ يىلى) كەلگەن. ئاندىن كېيىن تارتۇستا 20 يىل ئىستىقامەت قىلىپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن دەمەشق ۋە مىسىردا ئىلىم ئۆگەنگەن. ئاخىرىدا بەسرەدە ئوقۇتقۇچىلىق ۋە ئىماملىق قىلغان. 889 ـ يىلى 22 ـ فېۋرال بەسرەدە ۋاپات بولغان. ئۇ كۇتۇبۇسستەنىڭ ئۈچىنچىسى ۋە مەشھۇر تۆت سۈنەن كىتابىنىڭ بىرىنچىسىنىڭ مۇئەللىپى بولۇپ، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قاتارلىق چوڭ ئالىملاردا تەلىم ئالغان. ئىمام تىرمىزى بىلەن ئىمام نەسائىي ھەر ئىككىسى ئىمام ئەبۇ داۋۇدتىن تەلىم ئالغان.**

**6. ئىمام تىرمىزى**

**ئىمام تىرمىزىنىڭ تولۇق ئىسمى (**محمد بن عيسى بن سَوْرة بن موسى بن الضحاك، السلمي الترمذي**) بولۇپ،** أبو عيسى **ئۇنىڭ كۇنيەسى (تەخەللۇسى) ئىدى. ئۇ 824 ـ يىلى تىرمىز شەھرىدە تۇغۇلۇپ، 892 ـ يىلى 5 ـ ئۆكتەبىر دۈشەنبە كېچىسى ئوخشاشلا تىرمىز شەھرىدە ۋاپات بولغان. ئۇ ئىمام بۇخارىنىڭ داڭلىق شاگىرتلىرىدىن بىرى، سۈنەنى تىرمىزى ناملىق مەشھۇر ھەدىس كىتابىنىڭ مۇئەللىپى، شۇنداقلا ھەر قايسى زاماندىكى نوپۇزلۇق ئىسلام تارىخچىلىرى ۋە مۇھەددىس ئۆلىمالار تەرىپىدىن يۇقىرى باھا بېرىلگەن يېتۈك ئەللامە كىشىدۇر.**

**7. ئىمام نەسائىي**

ئىمام نەسائىي ھەدىس ئىماملىرىنىڭ ئەڭ بۈيۈكلىرىدىن بىرى ۋە كۇتۇبى سىتتەنىڭ تۆتىنچىسى دەپ قارالغان سۇنەنى نەسائىنىڭ مۇئەللىپىدۇر. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى ئىمام ئەھمەد ئىبنى شۇئەيب ئەننەسائىي (أَحْمَدُ بنُ شُعَيْبِ بنِ عَلِيٍّ بن سنان النَّسَائِيُّ) رەھمەھۇللاھ (ئەھمەد ئىبنى شۇئەيب ئىبنى ئەلى ئىبنى سىنان ئەننەسائىي (ئەبۇ ئابدۇرراھمان(، (ھ. 215 ـ 303 / م. 829 ـ 915) بولۇپ، ئۇ بۈگۈنكى تۈركمەنىستاننىڭ پايتەختى ئاشخاباتتىن 18 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قەدىمىي نەسا شەھرىدە تۇغۇلغان. قازى، مەشھۇر مۇھەددىس. مەشھۇر «كۇتۇبۇ سىتتە» (ئالتە كىتاب) ئىچىدىكى «تۆت سۇنەن » ھەدىس كىتابلىرىنىڭ بىرى « سۇنەن نەسائىي» دەپ تونۇلغان «ئەلمۇجتەبا (ئەسسۇنەنۇسسۇغرا)» نىڭ، يەنە «ئەسسۇنەنۇل كۇبرا»، «ئەززۇئەفائۇ ۋەلمەترۇكۇن (زەئىف ۋە رىۋايىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان راۋىيلار)» ۋە «تەپسىر» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى. ئۇ 829 ـ يىلى خوراسانغا تەۋە نەسا شەھرىدە تۇغۇلۇپ، 915 ـ يىلى 27 ـ ئاۋغۇست دۈشەنبە پەلەستىنگە تەۋە ( 1948 ـ يىلدىن بېرى قورشاۋ ۋە ئىشغالىيەت ئاستىدا) رامئاللاھتا ۋاپات بولغان. مەككىگە دەپنە قىلىنغان.

## 8. ئىمام ئىبنى ماجە

ئىمام ئىبنى ماجە (الإِمَامُ ابْنُ مَاجَهْ مُحَمَّدُ بنُ يَزِيْدَ بنِ مَاجَهْ القَزْوِيْنِيُّ): تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى يەزىد ئىبنى ماجە ئەلقەزۋىينىي (ئەبۇ ئابدۇللاھ) (ھ. 209 ـ 273 / م. 824 ـ 886) بولۇپ، مەشھۇر «كۇتۇبۇ سىتتە» (ئالتە كىتاب) ئىچىدىكى «تۆت سۇنەن» ھەدىس كىتابلىرىنىڭ بىرى «سۇنەنۇ ئىبنى ماجە» دەپ تونۇلغان «ئەسسۇنەن»نىڭ ۋە «تەفسىرۇل قۇرئان»، «تارىخى قەزۋىن» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپى. ئۇ 824 ـ يىلى ئىراندىكى قەزۋىندە تۇغۇلۇپ، 887 ـ يىلى 27 ـ فېۋرالدا ئوخشاشلا قەزۋىندە ۋاپات بولغان.

## 9. سۇنەن (سۈنەن)

سۇنەن (السنن): پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى توپلانغان ئەڭ مۇھىم ئالتە كىتاب ئىچىدە «السنن» (ئەسسۇنەن) نامى بىلەن ئاتالغان تۆتى، يەنى ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىي، نەسائىي ۋە ئىبنى ماجەلەرنىڭ (السنن الأربعة) (تۆت سۇنەن) دەپ ئاتالغان مەشھۇر ھەدىس كىتابلىرى بولۇپ، سۇنەن

**دېگەن ئىسىم ئاشۇ تۆت نوپۇزلۇق كىتابنىڭ خاس ئىسمىغا ئايلانغان ۋە شۇ بويىچە مۇئامىلە قىلىنىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئىمان، ئىبادەت، ھەر خىل مۇئامىلىلەر ۋە جازا - قىساس ھەققىدىكى ئەھكام ھەدىسلىرى توپلانغان كىتابلارنىڭ ئورتاق ئاتىلىشىمۇ سۇنەن دەپ ئاتالغان.**

**10. كۇتۇبى سىتتە**

**ئالتە كىتاب دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەرەبچە:** الكتب الستة، **پارسچە:** صحاح سته **دەپ ئاتىلىدۇ. ئەھلى سۈننەت تەرىپىدىن ئەڭ ساغلام، ئەڭ ئىشەنچلىك ھەدىس شەرىپ مەنبەلىرى دەپ ئېتىراپ قىلىنماقتا. بۇ ئالتە كىتابلار بىز يۇقىرىدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن تۆۋەندىكى ئانا كىتابلاردۇر :** (صحيح البخاري)، (صحيح مسلم)، (سُنن أبو داوود)، (سُنَنُ الترمذي)، (سُنن النسائي)،(سُنن ابن ماجة).

**11. ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە :**

**ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە، ئەھلى سۈننەت ياكى سۈننىلىك (ئەرەبچە:** أهل السنة والجماعة**)،ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ بولغان كۈنىمىزدىكى ئىككى چوڭ مەزھەبنىڭ بىرى (يەنە بىرى شىئەلىك) ۋە ئەڭ چوڭىدۇر. ئىسلام دۇنياسىنىڭ 83% لىك قىسمى ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەگە مەنسۇپ بولسا، 15% كە يېقىن قىسمى شىئە مەزھىپىگە مەنسۇپ.**

**پايدىلانغان ۋە سېلىشتۇرۇلغان ئاساسلىق مەنبەلەر :**


1 . سير أعلام النبلاء، كتاب في علم التراجم. مؤلف الكتاب هو الحافظ شمس الدين محمد بن أحمدبن عثمان الذهبي المتوفى سنة 748 هـ الموافق 1374 م. المحقق: شعيب الأرناؤوط – بشار معروف – آخرون. حالة الفهرسة: مفهرس فهرسة كاملة. الناشر: مؤسسة الرسال. سنة النشر: 1402 – 1982. عدد المجلدات: 29 مجلد.

2 . التاريخ الكبير

التاريخ الكبير المؤلف : محمد بن إسماعيل بن إبراهيم بن المغيرة البخاري، أبو عبد الله ( المتوفى : 256هـ)
الطبعة : دائرة المعارف العثمانية، حيدر آباد – الدكن طبع تحت مراقبة : محمد عبد المعيد خان عددالأجزاء : 8

3 . أُسْد الغابة في معرفة الصحابة . لعز الدين أبي الحسن الجزري الموصلي ( 555–630 هـ) المعروف بابن الأثير الجزري ( 1160 – 1233 ) .

**4. ئىسلام تارىخى، ئىمام زەھەبى، 1990 ـ يىل نەشرى**

**5.** الإصابة في تمييز الصحابة للحافظ ابن حجر العسقلاني . **ئەرەبچە نەشرى. 3 ـ توم**

6 . الوافي في الوفيات للعلامة صلاح الدين خليل بن ايبك الصفدي . الناشر : جمعية المستشرقينالألمانية، اسطنبول، مطبعة الدولة عام ١٩٣١ .

**7. ۋىكىپېدىيە قامۇسى**

**8. ئىسلام ئېنسكلوپېدىيىسى**

**9. سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام شەرئىتىدىكى ئورنى. دوكتۇر مۇستاپا سىبائى. 2019 ـ يىل، 9 ـ نەشرى، سالام نەشرىياتى.**

**10. ھەدىس شەرىپ توغرىسىدا ئومۇمىي بايان. مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىم، «خىتاي مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىللىق 3 ـ 4 ـ سانلار ئومۇمىي 76 ـ 77 ـ سانلار**

**11. كۇۋەيت فىقھى ئېنسكلوپېدىيەسى**

**2021 ـ يىلى، 27 ـ ئاۋغۇست، جۈمە**



# چاتاق شى جىنپىڭدىمۇ ياكى ھەممە خىتاي رەھبەرلىرىدىمۇ؟

جون پومفرېت

# چاتاق شجىنپىڭدىمۇ ياكى ھەممە خىتاي رەھبەرلىرىدىمۇ؟

جون پومفرېت

خىتاينىڭ ئۆتكەن ئون يىلدىكى تاجاۋۇزچى، ئەركىنلىككە قارشى ۋە مەنمەنچى يۈزلىنىشى بىر كىشىنىڭ، «يەنى ھەممىگە چات كېرىۋالىدىغان» خىتاي كومپارتىيەسى رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ تەسىرىنىڭ مەھسۇلىمۇ؟ ياكى شى جىنپىڭنىڭ ئىشتانغا پاتماي قىلىشى تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ۋە دائىمي بىر شەيئىنىڭ، يەنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ سەكسەن مىليون ئەزاسىنىڭ بىردەك خاھىشىنىڭ ئىپادىسىمۇ؟

بۇ سوئالغا ئىلمىي نۇقتىدىنلا تولۇق جاۋاب بېرىۋەتكىلى بولمايدۇ. بۇ ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىش سىياسىتىنى تۈزۈش جەھەتتىكى ئىزدىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. شۇنداقلا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى خىتاي توغرىسىدا يېزىلغان ئەڭ مۇھىم كىتابنىڭ، يەنى راش دوشىنىڭ (Rush Doshi) «ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش: خىتاينىڭ ئامېرىكا تەرتىپىنى ئاغدۇرۇشتىكى چوڭ ئىستراتېگىيىسى» دېگەن كىتابىنىڭ يورۇتماقچى بولغىنىمۇ دەل مۇشۇ نۇقتا.

دوشىنىڭ يادرولۇق نۇقتىئىنەزىرى «شى جىنپىڭ (ئۆزىدىن ئىلگىرى خىتاي رەھبەرلىرىگە نىسبەتەن) يېڭى ۋە پەرقلىق شەخس ئەمەس» دېگەندىن ئىبارەتتۇر. شى جىنپىڭنىڭ خىتاينى باشلاپ ماڭغان پەۋقۇلئاددە خەتەرلىك يۆنىلىشى قانداقتۇر «تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش» بولماستىن، بەلكى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ سىياسەتلىرىنىڭ مەنتىقىلىق كېڭىيىشىدۇر. شى جىنپىڭ بەلكىم خىتاينىڭ تېخىمۇ ناچار يۆنىلىشكە بۇرۇلۇشىدا كاتالىزاتورلۇق رولى ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما دوشىنىڭ قارىشىچە، خىتاي (قانداقتۇر يېڭى يولدا ماڭماستىن، بەلكى) ئۇزۇندىن بۇيان مەۋجۇت بولغان مۇساپىنى بويلاپ مېڭىۋاتىدۇ، خالاس.

دوشىنىڭ قارىشىچە، شى جىنپىڭنىڭ ئامېرىكا بىلەن تىركىشىش، خوڭكوڭغا مۇناسىۋەتلىك خەلقئارالىق كېلىشىملەرگە خىلاپلىق قىلىش، جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى ئاراللارنى ھەربىيلەشتۈرۈش، تەيۋەنگە تەھدىت سېلىش ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى يۈزمىڭلىغان (ئەمەلىيەتتە نەچچە مىليونلىغان) ئۇيغۇرنى تۇتقۇن قىلىش سىياسەتلىرى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئاساس قىلغان. دوشى. يەنە خىتاينىڭ ئاساسلىق نىشانىنىڭ ـــ ھېچ بولمىغاندا تاشقى سىياسەت جەھەتتە ـــ يەنىلا

ئامېرىكانىڭ ئورنىغا دەسسەپ، ئاسىيادىلا ئەمەس، دۇنيا مىقياسىدا سەرخىل كۆچكە ئايلىنىش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

دوشى ئۆز نۇقتئىينەزىرىنى دەلىللەش جەريانىدا، خىتاينىڭ يېقىن زامان تارىخىدىكى ئۇنىڭ ـــ بۇگۈن قىلىۋاتقىنىدەك ـــ ئامېرىكا بىلەن تىركىشىش يولىغا مېڭىشىغا سەۋەب بولغان ئۈچ بۇرۇلۇش نۇقتىسىنى يەكۈنلەپ چىققان.

1989 ـ يىلىدىن 1991 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا دوشىنىڭ تەبىرىدىكى «ئۇدا ئۈچ قېتىملىق پىسخىك جاراھەت»نىڭ يۈز بېرىشى، يەنى (تيەنئەنمېندىكى) ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىشنىڭ خىتاينى زىلزىلىگە كەلتۈرۈشى، ئامېرىكانىڭ سادام ھۈسەيىننىڭ كۈۋەيتكە قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىنى تارمار قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ھەربىي ئەۋزەللىكىنى نامايەن قىلىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى، تۇنجى قېتىملىق ئىستراتېگىيەلىك بۇرۇلۇشقا سەۋەب بولغانىدى. بېيجىڭنىڭ بۇ مالىمانچىلىقتىن چىقارغان خۇلاسىسى شۇ بولدىكى، ئامېرىكا ئەمدى خىتاينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بىرەسمىي ئىتتىپاقدىشى ئەمەس. ئەكسىچە، موسكۋادىن كېلىدىغان تەھدىت يوقالغاندىن كېيىن، ئامېرىكا (يەنە بىر قېتىم) خىتاينىڭ ئاساسلىق دۈشمىنىگە ئايلاندى.

خىتاينىڭ شۇ چاغدىكى رەھبىرى دېڭ شياۋپىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىش ھارپىسىدا ئېيتقاندەك: «ھازىرقى مەسىلە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بايرىقى چۈشەمدۇ يوق؟ مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى خىتاينىڭ بايرىقى چۈشەمدۇ ـ يوق؟ دېگەن مەسىلىدۇر». دوشىغا كۆرە، بۇ يېڭى تەھدىت تۈيغۇسى «خىتاينىڭ يېڭى بۈيۈك ئىستراتېگىيەسىنى شەكىللەندۈرگەن كەسكىن سىناق»قا ئايلانغان.

1993 ـ يىلى، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش سېكرېتارى جياڭ زېمىن تۇنجى باش ئەلچى دەرىجىلىكلەر يىغىنىدا ـــ بۇ خىتاينىڭ ئەڭ مۇھىم تاشقى سىياسەت يىغىنلىرىنىڭ بىرىدۇر ـــ نۇتۇق سۆزلەپ، «بۇنىڭدىن كېيىن ۋە خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە، ئامېرىكا بىزنىڭ ئاساسلىق دىپلوماتىك رەقىبىمىز بولىدۇ» دېگەن. لېكىن، ئەينى چاغدا جياڭ زېمىن ئامېرىكاغا جەڭ ئېلان قىلىشنى تەشەببۇس قىلماستىن، ئەكسىچە كومپارتىيە مۇرتلىرىنى بۇگۈن «ئۆز كۈچىنى يوشۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈش» دەپ ئاتالغان تاشقى سىياسەتنى يولغا قويۇشقا چاقىرغان. بۇ سىياسەتكە كۆرە، بېيجىڭ «ئۆز كۈچىنى يوشۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈش» ئارقىلىق، ئىمكانقەدەر ئامېرىكانىڭ چېشىغا تېگىپ قويماسلىقتا كاپالەتلىك قىلاتتى. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئامېرىكا بىلەن بولغان پايدىلىق سودا ۋە پەن - تېخنىكا ئالماشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئامېرىكانى غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق قىلىش ئىدى.

خىتاي ئۆزىنىڭ «چەكلىك ئۇرۇش»قا تەييارلىق قىلىشنى تەرغىب قىلىدىغان كونا ھەربىي تەلىماتىدىن ۋاز كېچىپ، يېڭى ھەربىي تەلىماتنى قوبۇل قىلدى. ئۇ غەيرىي سىممېترىك ئۇرۇش مېتودى ئۈچۈن مىليونلىغان دوللار مەبلەغ سېلىپ، ئاسىيادىكى ئامېرىكا قوشۇنلىرىنى توسۇش ئۈچۈن، پاراخوتقا قارشى

باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ سۇ ئاستى پاراخوتى قىسمى ۋە رېكورت ياراتقان مىقداردا سۇ مىناسى ياساشقا باشلىدى.

سىياسىي جەھەتتە، ئىلگىرى كۆپ تەرەپلىك ئورگانلارنى مەنسىتمىگەن خىتاي ئامېرىكانىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە خەلقئارا تەشكىلاتلارغا قاتنىششقا باشلىدى. خىتاي ۋاشىڭتوندا 2000 ـ يىلى ئامېرىكادىن مەڭگۈلۈك ئەڭ مەنپەئەتدار دۆلەتلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشىش ۋە بىر يىلدىن كېيىن دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قاتنىشىش ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ بېيجىڭغا بولغان تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تىنىمسىز تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. گەرچە ئامېرىكا رەھبەرلىرى خىتاينى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگۈزۈشنى ئۇنى ئەركىن سودا دۆلىتىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ چارىسى دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي رەھبەرلىرى بۇنى ئامېرىكانىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى دەپ قارىدى. بۇ سىياسەتلەر دۇنيادا كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان ئىقتىسادىي گۈللىنىشكە تۈرتكە بولدى. خىتاينىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ئەينى چاغدىكى ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىنىڭ ئاز بىر قىسمىدىن بۈگۈنكى ئامېرىكا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يەتتىش پىرسەنتىگە يېتىدىغان سەۋىيەگە كەلدى.

دوشىنىڭ يېزىشىچە، ئىككىنچى بۇرۇلۇش نۇقتىسى 2008 ـ يىلى يەرشارى پۇل مۇئامىلە كرىزىسى يۈز بەرگەندە كۆرۈلگەن. خىتاي بۇ كرىزىسنى ئامېرىكانىڭ كۈچىنى داۋاملىق ئاجىزلاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاسىيادا خىتاينىڭ تەسىر دائىرىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ پۇرسىتى دەپ قارىدى. پۇل مۇئامىلە كرىزىسى بېيجىڭنىڭ ئامېرىكانىڭ كۈچىگە بولغان تونۇشىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتتى؛ خىتاي بۇ ۋاقىتتا ئامېرىكانى كۆرۈنەرلىك ئاجىزلىدى دەپ قارىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئەركىن كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي ئەندىزىسى كەمدىن كەم كۆرۈلىدىغان زەربىگە ئۇچرىغانىدى.

دوشى كىتابىدا يەنە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى باش سېكرېتارى خۇ جىنتاۋنىڭ 2009 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن 11 ـ قېتىملىق باش ئەلچى دەرىجىلىكلەر يىغىنىدا قىلغان سۆزىنى تىلغا ئالغان. خۇ جىنتاۋ ئۆز سۆزىدە خىتاينىڭ «ئۆز كۈچىنى يوشۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈش» سىياسىتىنى «تەشەببۇسكارلىق بىلەن بەزى نىشانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش» ئىستراتېگىيەسىگە ئۆزگەرتكەن. دوشىنىڭ قارىشىچە، «تەشەببۇسكارلىق بىلەن» دېگەن ئىبارىنىڭ قوشۇلۇشى ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. «قارىماققا ئادەتتىكىدەك كۆرۈنىدىغان بۇ ئىبارىدىكى ئۆزگىرىش پەۋقۇلئاددە زور ئەھمىيەتكە ئىگە» دەيدۇ ئۇ. دوشى يەنە «خۇ جىنتاۋ ھېچبىر ئۆزگىچىلىكى ۋە يۆنىلىشى يوق رەھبەر» دېگەن كۆز قاراشقا رەددىيە بەرگەن. ئۇ خۇ جىنتاۋنىڭ 2006 ـ يىلدىن 2009 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، خۇ جىنتاۋ 2006 ـ يىلى «ئۆزئارا كەڭ قورساق بولۇش»نىڭ ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان بولسا، 2009 ـ يىلى دۇنيا مىقياسىدا «تېخىمۇ ئاكتىپ ھەرىكەتكە ئۆتۈش»نى تەرغىب قىلغان.

ھەربىي جەھەتتە، يەرشارىۋى ئىقتىسادىي كرىزىس خىتاينىڭ بېيجىڭنى مەركەز قىلغان رايون تەرتىپى بەرپا قىلىش قەدىمىنى تېزلەتتى. خىتاي زېھنىنى ئامېرىكا ئارمىيەسىگە تاقابىل تۇرۇشتىن ئۆزىنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا قاراتتى؛ ئاۋىياماتكا ۋە (تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان) سۇدىمۇ، قۇرۇقلۇقتىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدىغان ھەربىي قاتناش قوراللىرىنى ياساشقا مەبلەغ سالدى؛ جەنۇبىي دېڭىزدىكى ئاراللارنى ھەربىيلەشتۈردى، شۇنداقلا دېڭىز ئارمىيەسى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ سۇ ئۈستى پاراخوتلىرىنى ياساشقا باشلىدى.

سىياسىي جەھەتتە، خىتاي زېھنىنى خەلقئارا تەشكىلاتلارغا قاتنىشىشتىن ئامېرىكانىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا قاراتتى. ئەكسىچە، ئۇ «ئاسىيا ئۇل مۇئەسسەسە مەبلەغ بانكىسى» قاتارلىق ئۆزىنىڭ تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ يەنە سىرىلانكىدا پورت ياساش ــــ كېيىن بۇ قۇرۇلۇش خۇ جىنتاۋنىڭ ئورۇنباسارى شى جىنپىڭ بازارغا سالغان خەلقئارالىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى پروجېكتى بولمىش «بىر بەلباغ بىر يول» تەشەببۇسىغا تەۋە قىلىندى ــــ قاتارلىق نۇرغۇن ئابىدە خاراكتېرلىك قۇرۇلۇشلارنى باشلىدى.

دوشىغا كۆرە، 2017 ـ يىلى، يەنى دونالد ترامپ ئامېرىكا پرېزىدېنتلىقىغا سايلانغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى بۆرۈلۈش نۇقتىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. شى جىنپىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 19 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا قىلغان سۆزىدە «يېڭى دەۋر»نىڭ باشلانغانلىقىنى؛ خىتاينىڭ يېڭىلىق يارىتىش، دۆلەت باشقۇرۇش ۋە ھەربىي تەرەققىياتتا دۇنياغا يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى؛ شۇنداقلا، خىتاينىڭ «تارىخىي پۇرسەت مەزگىلى»نى كۈتۈۋالغانلىقىنى جاكارلىدى. شى جىنپىڭ ئىلگىرىكى «ئۆز كۈچىنى يوشۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈش» سىياسىتىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش زۆرۈرىيىتى- يوق دەپ قاراپلا قالماستىن، ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچتى. دوشىغا كۆرە، شى جىنپىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا، (ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى) ئىلگىرى ئاسىيا بىلەنلا چەكلەنگەن «ئاتامانلىق رىقابىتى» ئەمدىلىكتە يەرشارى تەرتىپى ۋە كەلگۈسىگە مەركەزلەشكەن.

دوشىنىڭ قارىشىچە، خىتاينىڭ تەپەككۇرى ئامېرىكانىڭ ئېغىر خىرىسقا دۇچ كېلىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. (خىتاينىڭ نەزىرىدە) ۋاشىڭتوننىڭ تاجىسىمان ۋىرۇس ۋابasىغا قايتۇرغان ئېچىنىشلىق ئىنكاسى، ئامېرىكادىكى تۇراقسىز دۆلەت ئىچى سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە يېقىندا ئافغانىستاندىن نومۇس ئىچىدە چېكىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكانىڭ «دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت»لىك سالاھىيىتىدە ئېغىر مەسىلە بارلىقىنى، بېيجىڭنىڭ تېخىمۇ كۆپ پۇرسەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

دوشى كىتابىدا يەنە شۇلارنى ئوتتۇرىغا قويغان: شى جىنپىڭ خىتايىنى كەلگۈسىگە خوجا بولۇش يولىغا باشلىدى. ئۇ سۈنئىي ئىدراك، كىۋانت ھېسابلاش، ئىگىلىك ھوقۇقلۇق رەقەملىك پۇل، بىيوتېخنىكا، 5G ۋە ئاپتوماتلىشىشنى چۆرىدىگەن ھالدا «تۆتىنچى قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابى»نى ئېلان قىلدى. ئۇ

تەتقىقات ۋە تەرەققىياتقا داۋاملىق تۆردە كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ ئاجراتتى ھەمدە خىتاينىڭ يەر شارى تەمىنلەش زەنجىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسپلەرگە ئۆلچەم بەلگىلەش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ھەربىي ساھەدە، گەرچە تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلىش پىلانى يەنىلا مۇھىم بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ئارمىيەسى ھازىر خىتاينى (ھەربىي جەھەتتە) ھەم ھىندى ـ تىنچ ئوكيان رايونىدا، ھەم پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا كۈچىمەكتە. خىتاي شەرقىي ئافرىقا دېڭىز قىرغىقىدا دېڭىز ئارمىيە بازىسى قۇرۇپ بولدى. خىتاي دېڭىز ئارمىيەسى سىرىلانكا ۋە پاكىستاندىمۇ مۇشۇنداق ئىمتىيازلارغا ئېرىشىشى مۇمكىن. ئون يىل ئىلگىرى، خىتاي رەھبەرلىرى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەت بولمىش ئامېرىكا بىلەن مۇرەسسەلىشىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە شى جىنپىڭ «ئاسىيانىڭ ئىشلىرىنى ئاسىيا خەلقى ئۆزى باشقۇرۇشى كېرەك» دەپ جار سالماقتا.

ھالبۇكى، دوشىغا كۆرە، شى جىنپىڭنىڭ سىياستى ئۆتمۈشتىن ئادا ـ جۇدا بولغانلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇ كىتابىدا شۇنداق دەيدۇ: «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى ئامېرىكانى چەكلەش، ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىش پۇرسەتلىرىنى كۆرگەندە، بۇ پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتتى. شى جىنپىڭ دەۋرىدە يولغا قويۇلغان نۇرغۇن مۇھىم سىياسەتلەرنىڭ ئاساسى خۇ جىنتاۋ دەۋرىدىلا ھازىرلىنىپ بولغاندەك قىلاتتى».

ھالبۇكى، دوشىنىڭ كۆز قارىشى ھەركىم تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانمۇ ئەمەس. ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مىلياردېر جورج سوروس (George Soros) «ۋال كوچىسى گېزىتى»دە ئوبزور ئېلان قىلىپ، شى جىنپىڭنى «پۈتۈن ئۆمرىنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ خىتاينىڭ تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرىنى يوقىتىشقا سەرپ قىلدى» دەپ ئەيىبلىدى. سوروسقا نىسبەتەن، شى جىنپىڭ خىتاي ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈنمۇ زەھەرلىك ئۆسمە بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى خىتايغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان، نىسبەتەن «دوستانە» ئىستىبداتلاردىن تامامەن پەرقلىق يول تۇتقان. سوروس شى جىنپىڭنىڭ خىتاي مەسىلىسىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان تۇنجى كىشى ئەمەس. جوۋ بايدېن پرېزدېنتلىققا سايلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، «سىياسىيون» (Politico) تورى ۋە ئامېرىكادىكى «ئاتلانتىك ئوكيان كېڭەشى» ناملىق ئاقىللار ئامبىرى «خىتاي بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىش جەھەتتە چوڭقۇر تەجرىبىگە ئىگە سابىق ھۆكۈمەت ئەمەلدارى»نىڭ بىر پارچە ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. مەزكۇر ماقالىدە شى جىنپىڭنىڭ خىتاينىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك بۇرۇلۇشىغا جاۋابكار ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولۇپ، ئاپتور بۇ ھەقتە «ئامېرىكا خىتاينىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، دىققىتىنى شى جىنپىڭغا مەركەزلەشتۈرۈشى كېرەك» دېگەن. بۇ ئىككىلا خىل كۆز قاراش «خىتاينىڭ لېنىنىزمچە تۈزۈلمىسىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا، ئامېرىكا بىلەن سىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى چىن كۆڭلىدىن ئۈمىد قىلىدىغان بىر قىسىم ياخشى كىشىلەر بار. ئامېرىكا پەقەت شۇلارنى تېپىپ چىقسىلا بولىدۇ» دەيدىغان كونا مۇقامدىن ئىبارەت، خالاس.

دوشىنىڭ قارشىچە، خىتايغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئامېرىكا بۇ خىل تەپەككۇرغا خاتىمە بېرىشى كېرەك. مۇھىم نۇقتا خىتاينىڭ قەد كۆتۈرۈشىنى تىزگىنلەش ياكى شى جىنپىڭنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئەمەس، بەلكى خىتاينى چەكلەشكە ۋە ئامېرىكانى قايتىدىن كۈچەيتىشكە مەركەزلىشىشى كېرەك. قىسقىسى، ئامېرىكا خىتاي بىلەن بولغان ئالاقىدە بارغانسېرى بېيجىڭ دائىرىلىرىگە ئوخشاش يول تۇتۇشى كېرەك.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.washingtonpost.com/outlook/xi - is - leading - chinas - aggressive - new - strategy - but - he - didnt - invent - it/2021/09/16/6ff5a9f6 - 0683 - 11ec - a654 - 900a78538242_story.html



# ئابدۇقادىر داموللام ئېلىپ بارغان كۈرەشلەر ۋە ئەھمىيىتى

ئامىنە مۇھەممەد

# ئابدۇقادىر داموللام ئىلىپ بارغان كۆرەشلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى

ئامىنە مۇھەممەد

ئابدۇقادىر داموللام ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان ئەجەللىك قىسمەتنىڭ خەتىرىنى ئەڭ دەسلەپتە پەرق ئەتكەن ۋە دۆلەتچىلىك ئىدىيەسىنى شەكىللەندۈرگەن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسچىسىدۇر.

ئابدۇقادىر داموللام، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىستانبۇلنى ئايلىنىش جەريانىدا كۆزىتىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق خەلقنىڭ جاھالەت، نادانلىقتىن ئىبارەت كۆلپەتلىك تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، چوقۇم ئىشنى مائارىپتىن، مەدەنىيەتتىن باشلاش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ يېڭىچە مائارىپ ھەرىكىتىنى باشلىغان.

قاراڭغۇلۇقتا قالغانلار يورۇقلۇقتا، ھالاكەتلىك تەقدىرگە دۇچ كەلگەنلەر ھاياتلىققا تەقەززا بولغاندەك، مىللەت ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى قاششاقلىقتىن تەرەققىياتقا، مەنىۋى قەھەتچىلىكتىن مەرىپەتكە تەقەززا ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللام خەلقنىڭ بۇ ئېھتىياجىغا مەلھەم بولۇش ئۈچۈن ئۆز كۆرىشىنى باشلايدۇ.

بىرىنچى قەدەمدە، خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ دىنىي ئېتىقادتا خۇراپاتلىق، بىدئەت ئۇرۇقى چاچقان دىنىي مۇتەئەسسىپلەرگە، يېڭىچە مائارىپقا جان ـ جەھلى بىلەن قارشى تۇرغان، ئويغىنىش ھەرىكىتى دېيىلسە، «خەلق ئويغىنىمىز دېسە، شەھەر ئىچىدىلا 200 گە يېقىن مەسچىت، مەدرىسە، خانىقا بار. مۇئەززىنلەر ھەر كۈنى «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئەزان توۋلاپ، خەلقنى ئويغىتىدۇ. بىزگە شۇ كۇپايە قىلمامدۇ؟» دەيدىغان جاھىل سوپى ـ ئىشانلارنىڭ «ئۇسۇل جەدىت ھارام، ئۇنى ئوقۇش دەھرىيلىك» دەيدىغان ئاساسسىز ئېغۋاسىنىڭ ئورنىغا، بۇخارادىكى ئۇستاز ۋە ئۆلىمالارنىڭ «ئۇسۇلى جەدىت ۋاجىپ، ئۇنى ئوقۇش زۆرۈر» دېگەن پەتىۋاسىنى ئەكېلىپ كۆرىشنى باشلايدۇ.

ئىككىنچى قەدەمدە، مەدرىسە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلدى. يەنى مەدرىسەلەردىكى قاتمال تەلىم تەربىيە ئۇسۇلىنى، دەۋر تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان دەرسلەرنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىچە مائارىپ ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇش ماتېرىيالى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ باردى.

ئىلگىرىكى قاتمال ئۆگىتىش ئۇسۇلى سەۋەبلىك ياشلىق ئۆمرى زايە بولغان، ئوقۇشتىن بىزار بولۇپ سەككىز - ئون يىل ئوقۇپمۇ موللا بولالماي، ئاخۇنۇمنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ. كەشنى كۆتۈرۈپ. يېرىم يولدا توختاپ قالغان تالىپلار ئوقۇشنىڭ قىيىنلىقى ۋە ئاستىلىقىدىن بىزار بولۇپ:

زەنجانى كىتاپ كۆندۈزىمىزنى كېچە قىلدى، ئالتەيلەن ئىدۇق، يەتتىمىزنى گاچا قىلدى.
يەتتە يىلدا تىنىم تاپماي ئوقۇيمىزلا - ئوقۇيمىز، بابى ئىستىنجاغا كەلدى ئەمدى بىزنىڭ دەرسىمىز.
دەپ قوشاق توقۇشاتتى.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ مەقستى كونا ئۇسۇلغا ئىسلۇۋالماي، دادىللىق بىلەن ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ لاي سۇدەك ئېقىپ كېتىۋاتقان ۋاقىتنى تېجەپ قېلىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇقادىر داموللام دەرسلەرنى ئاددىي، چۈشىنىشلىك قىلىپ، سەرپ، نەھۋى (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكىس )، ھېساب ئىلمى، جۇغراپىيە ئىلمى، نىگىزلىك ئەقىدىلەر، باشلامچى ئوقۇشلۇق، لېكسىكىدىن دەسلەپكى ئاساس، تەجۋىدى تۆركى ۋە مىفتاھۇل ئەدەپ قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ، مەكتەپ مەدرىسەلەرنى دەرسلىك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۈچىنچى، ئۆلىمالار جەمئىيىتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. يەنى تەرەققىيپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر، يېڭىچە مائارىپ ئىدىيەسىنى قوللايدىغان ئىلىملىك مەرىپەتچى دىنىي زاتلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، غوللۇق جامائەت قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە «كۇللى ئۇستاز » دەپ نام ئالغان ئاتاقلىق ئىمىن ھاجى خەلپىتىم، «ئۆلىمالارنىڭ سەرخىلى»، «ئاتاقلىق مەدرىسە مۇدەررىسى» دەپ نام ئالغان مىراقۇل داموللا قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.

تۆتىنچى، ھەر يىلى مەدرىسەلەردە ياخشى ئوقۇغان تالىپلارنى تاللاپ ئىستانبۇل، قازان، بۇخارا قاتارلىق مۇسۇلمان ئەللەرگە ئوقۇشقا چىقارغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىراجىتىنى بۇخارادىكى «مەرىپەت جەمئىيىتى» ئۈستىگە ئالغان . بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر ئىنقىلابچى، سىياسىيون، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى سابىت داموللامۇ بار ئىدى.

بەشىنچى، ئابدۇقادىر داموللام خەلقنى ئويغىتىپ، ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىگە، ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئىگە بولۇشقا چاقىرىق قىلدى. ئۇلىما ـ ئەمەلدارلارنى ئۆز خەلقىنى ئېزىشنى، باج ـ سېلىق يىغىشنى تاشلاپ، دىنىمىزنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە ئۇلۇغلۇقى بىلەن خەلققە تەسىر كۆرسىتىشكە چاقىردى.

چۈنكى شۇ زاماندا خرىستىيان دىنى تارقاتقۇچى شۋېت مىسسىيونېرلار مەكتەپ ئېچىش، ھەقسىز شىپاخانا ئېچىش باھانىسى بىلەن خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ باتىل دىنىغا دەۋەت قىلاتتى. يېتىم باللارنى ئوقۇتۇش باھانىسىدە ئۆزلىرىگە مۇرت تولپىماقتا ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام بۇ ئەجنەبىيلەرنىڭ پايدا چىقمىسا ھېچقانداق كىشىگە مەنپەئەت بەرمەيدىغان خەق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگەچكە، خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، نامايىش قىلىشقا چاقىردى ۋە شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ رەزىل مەقستىنى بىخ ھالىتىدە ئۇجۇقتۇرۇلدى.

ئالتىنچى، ئابدۇقادىر داموللام كوچىلاردا سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن يېتىم ـ يېسىر باللارغا ئىگە بولۇپ، يېتىمخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئالدى، مەدرىسىدە ئوقۇتۇپ، ئۇلارنى مەكتەپ ھاياتىغا قايتۇرۇپ ئەكىلدى.

ئابدۇقادىر داموللام قىسقىغىنە ھاياتىدا خۇراپاتلىق، بىلىمسىزلىك، نادانلىق، ئادالەتسىزلىككە قارشى قاتتىق كۆرەش قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىسلاھاتچىلىق بىلەن كەڭ دائىرىلىك ۋە ئەمەلىي خىزمەت قىلدى. قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ تەقەززاسى بويىچە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى يولغا قويدى. خەلقنى مەرىپەتكە، ئويغىنىشقا چاقىردى. خۇراپاتلىقتىن، بىدئەتتىن ئۇزاق تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلدى. ئەقىدىمىزگە بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، خەلقنى ئازدۇرماقچى بولغان چەتئەل مىسسىيونېرلىرىغا قارشى كۆرەش قىلدى.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بۇ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى خەلق قوللىغانلىقى ۋە زور ئىناۋەتكە ئېرىشۋاتقىنىدىن بىئارام بولغان كۈشەندىلىرى ۋە مىللىي مۇناپىق ھەسەتخور موللىلار مەخپىي ئادەم ياللاپ، ئۇنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللام بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاللاھ خالىسا ئۇنىڭ ماڭغان ئىزلىرى، ئۇ باشلىغان مەرىپەت يولى مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ. بۇ كارۋان توختىمايدۇ. ئەۋلادلار داۋاملاشتۇرىدۇ. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن خەلق ئۇسۇلى جەدىتنىڭ ھالاللىقىنى ۋە ئۇنى ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تېخىمۇ بەك ھېس قىلىپ يېتىدۇ.

2021 .06 .11



# 8-ئەسىردىن 13-ئەسىرگىچە ياشىغان ئۇيغۇرلاردا مائارىپ

يۇسۇپجان ياسىن

# 8 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇرلاردا مائارىپ

يۈسۈپجان ياسىن[1]

8 ~ 13 ـ ئەسىرلەر ئۇيغۇر كۈلتۈر تارىخىنىڭ ئەڭ يارقىن دەۋرىدۇر. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار دۆلەت باشقۇرۇش، قانۇن، ھەربىي، ئىقتىساد، سودا، ئىلىم ـ پەن، تىل ـ يېزىق، مائارىپ ۋە سەنئەت قاتارلىق ساھەلەردە بارغانسېرى يۈكسەلگەنىدى. بولۇپمۇ 840 ـ يىلىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي مەركىزىنىڭ ئىچكى ئاسىياغا يۆتكىلىشى بىلەن، ئۇلار مائارىپ ۋە ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە تۈرك كۈلتۈر تارىخىنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلىگەن نۇرغۇن ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. ھەرخىل يېزىقلارنى تەڭ ئىشلەتكەن ئۇيغۇرلار قەغەز ۋە مەتبەئە ئارقىلىق نۇرغۇن نەشر بۇيۇملىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئاپپاراتلىرىنى بۈگۈنكىگە يېقىن سەۋىيىگە ئەكەلدى ۋە كۇتۇپخانىلارنى ئومۇملاشتۇردى. دەرۋەقە، بۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار تۈرك كۈلتۈرىنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلىگە ئايلاندى. (بۇ دەۋردە) ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ تۈركلەرنىڭ دۇنيا كۈلتۈرىگە قوشقان تۆھپىلىرىنىڭ مىساللىرىدىندۇر. مەزكۇر ماقالىدە، تۈرلۈك ماتېرىياللارنى ئاساس قىلىپ، 8 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى بايان قىلىنغان.

ئۆتۈكەن تاغلىرىنى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇرلار تەخت ماجىرالىرى، تەبىئىي ئاپەت، ۋابا ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇملىرىدىن كېيىن، 840 ـ يىلى ئۆزىنىڭ سىياسىي مەركىزىنى ئورخۇن ۋادىسىدىن ئىچكى ئاسىياغا يۆتكىدى. ئۇيغۇرلار ھازىر خىتايغا تەۋە بولغان كەڭسۇ (گەنسۇ) ئۆلكىسىدىن ئارال دېڭىزىغىچە بولغان كەڭ رايونلارغا تارقىلىپ، كەڭسۇ ئۇيغۇر دۆلىتى، قوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتى ۋە قاراخانىيلاردىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنى قۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار (كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتىغا خاتىمە بېرىپ) ھەقىقىي ئولتۇراق ھاياتنى باشلاپ، ئىلىم ـ پەن ۋە مائارىپ ساھەسىدە يېڭى پەللە ياراتتى.

ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇئەللىپلەردىن فاخرەددىن مۇبارەك شاھ (1148 ~ 1215) تۈركلەر (ئۇيغۇرلار)نىڭ يېزىقلىرى ۋە كىتابلىرى بارلىقىنى، ئۇلارنى باللىرىغا ئۆگىتىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئېلىپبەسىنىڭ بىرىنىڭ يىگىرمە بەش ھەرپلىك سوغدىچە ئېلىپبە، يەنە بىرىنىڭ ئوڭدىن سولغا يېزىلىدىغان يىگىرمە سەككىز ھەرپلىك «توققۇز ئوغۇز ئېلىپبەسى» ئىكەنلىكىنى ۋە ھەرپلەرنىڭ ئۇلاپ يېزىلمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ مەلۇماتلاردىن ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقەلەردىن مەلۇمكى، ئىچكى ئاسىيادا ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇرلار مائارىپ ساھەسىدە تۈرك ۋە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىللە، سۈريانى يېزىقى، براخما يېزىقى ۋە تىبەت يېزىقى قاتارلىق نۇرغۇن ئېلىپبەلەرنى قوللانغان.

[1] مەزكۇر ئەسەرنى يۈسۈپجان ياسىن تۈركچە يازغان بولۇپ، ژۇرنىلىمىز تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن سىياسىتى، دىنىي جەھەتتىكى كەڭچىلىكى ۋە كۆلتۈرەل مۇناسىۋەتلىرى يات كۆلتۈر مۇھىتىغا تەۋە يېزىقچىلىق سىستېمىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىكى ئاساسلىق ئامىللار ئىدى. بۇ يېزىقلار ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى ئۇيغۇر يېزىقىدۇر. تېپىلغان ۋەسىقەلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەزكۇر يېزىقتا يېزىلغان. سوغدى يېزىقىنى ئاساس قىلغان ۋە مىلادى بەشىنچى ئەسىردىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىشلىتىلىشكە باشلىغان بۇ يېزىق ئالدى - كەينى 1200 يىلدىن كۆپرەك قوللىنىلغان بولۇپ، كۆكتۈرك يېزىقىدىن كېيىن بارلىق تۈركلەرنىڭ بىردىنبىر مىللىي يېزىقى بولۇپ قالغان. ئا ۋون گابايىن (A. von Gabain) ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىتىدىغان شەخسىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ يېزىش قائىدىلىرىنىڭمۇ بارلىققا كېلىپ بولغانلىقىنى قەيت قىلغان. ئۇيغۇرلاردا يەنە مائارىپ ساھەسىدىكى مەرتىۋە ۋە ئۇنۋانلارنى بەلگىلەيدىغان «دانالار ھەيئىتى» (مەرىپەتپەرۋەر مەسلىھەتچىلەر كېڭىشى) جەمئىيەتنىڭ ئاقارتىش (مائارىپ) ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى.

تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان، خىلمۇخىل يېزىقلاردا يېزىلغان قولىيازمىلار ۋە باسما كىتابلاردىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار بىردىن كۆپ چەتئەل تىلىدا سۆزلىيەلەيدىغان كۆلتۈر مۇھىتى ياراتقان، ھەتتا تازىلىق ئىشچىلىرى ۋە قۇللارنىڭمۇ بوگۇنكىگە ئوخشاش قانۇنىي توختاملىرى بار ئىدى. بۇ ھەقتە مەشھۇر ئالىم جاففار ئەل ئەھمەد ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇرلاردا قانۇن ۋە مالىيە ئاتالغۇلىرى» ناملىق ئەسىرىدە شۇلارنى قەيت قىلغان: «بەشبالىقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 12 - ۋە 13 - ئەسىرلەردىكى تۇرمۇش سەۋىيەسى ئوخشاش رايوننىڭ مۇشۇ ئەسىر (يەنى 20 - ئەسىر)نىڭ بېشىدىكى تۇرمۇش سەۋىيەسىدىن خېلى بەكلا يۇقىرى ئىدى. يەنە شۇنىڭدەك، ئەينى چاغدا تۈركلەر (ئۇيغۇرلار) غەربىي ياۋروپانىڭ فېئودال بەگلىرى ۋە ئەھلى سەلىپ قوشۇنى قۇددۇسقا (يېرۇسالىمغا) يۈرۈش قىلغان ۋاقىتتىكى خىرىستىيانلارغا سېلىشتۇرغاندا، تېخىمۇ ۋە مائارىپ جەھەتتە بەكلا ئىلگىرىلەپ كەتكەنىدى». تۇرپاندىكى قېزىلمىلاردىن تېپىلغان خىتايچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت ۋە سانسكرىتچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت قاتارلىق قوش تىللىق لۇغەتلەرمۇ ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىنىڭ شۇ چاغدىكى تىل ۋە تەرجىمە ساھەسىدىكى تەرەققىيات باسقۇچىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قېزىلمىلاردىن تېپىلغان ھەر خىل ماتېرىياللار ۋە تام رەسىملىرىدىكى تەسۋىرلەر (شۇ دەۋردىكى) ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قىزىقىشىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

9 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇيغۇرلار مائارىپ ساھەسىدە زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاجايىپ تەسىر قوزغىغان مائارىپ ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. (مەشھۇر تارىخچى) ئىبنۇل ئەسىر قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ، بولۇپمۇ توغانخان ۋە سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئىلىم - پەن ۋە مائارىپقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالغان. مەھمۇد كاشغەرى تەمىنلىگەن قاراخانىيلارنىڭ مائارىپ ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارمۇ بۇ جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم ماتېرىياللاردىندۇر. مەھمۇد كاشغەرىگە كۆرە، قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ ئۇيغۇر يېزىقى ئوردىدىكى ئەڭ ئېتىبارلىق يېزىق سۈپىتىدە رەسمىي خەت ئالاقىسىدە ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلگەن. مەھمۇد كاشغەرى

ئۇيغۇر يېزىقى ئىشلىتىلىدىغان رايونلارنىڭ قەشقەردىن خىتاينىڭ شىمالىغىچە بولغان بارلىق تۈرك ئەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. ھالبۇكى، ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان ۋە ئوسمان تۇران قاتارلىق مەشھۇر تەتقىقاتچىلار قاراخانىيلارنىڭ خارەزمشاھلار ھەمدە كىچىك ئاسىيادىكى غەزنەۋىيلەر ۋە سەلجۇق سۇلتانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭمۇ ئۇيغۇر يېزىقىدا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان بولۇپ، ئۇلارغا كۆرە، قاراخانىيلارنىڭ رەسمىي تىلى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تۈرك تىلى ئىدى. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»(تۈرك تىلى دىۋانى)تە، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ «تۈرك يېزىقى» دەپ ئاتالغانلىقى ۋە مەخسۇس ئېلىپبە تىزىملىكى بېرىلگەنلىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ (ئەينى دەۋردە) بارلىق تۈركلەر تەرىپىدىن ئورتاق قوللىنىلغانلىقى ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەزكۇر ئوخشاش يېزىقنى ئۆگىنىش ئېھتىياجىدىن بولغان. بۇنىڭغا كۆرە، تۈرك (ئۇيغۇر) يېزىقىنى قاراخانىيلارنىڭ مائارىپ ساھەسىدە يېتەكچى يېزىققا ئايلانغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

11 ـ ئەسىردىكى تۈرك دۇنياسىدا يېتىشىپ چىققان كاتتا تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە ئىلىم ـ پەن، كىتاب، يېزىق، دانالىق، مەكتۇپ، قەغەز، قەلەم، سىياھ، سىياھدان، كىتاب نەقىشلىرى، كىتاب كۆچۈرۈش قاتارلىق مائارىپقا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن سۆز، ئۇقۇم ۋە ماقال ـ تەمسىللەرنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە تۈركلەرنىڭ ئىلىم ئەنئەنىسى، ئائىلىدىكى پەرزەنت تەربىيەسى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇرچى، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى، ئىلىمنىڭ ھەرخىل تۈرلىرى ۋە كەسىپلەر توغرىسىدىمۇ توختالغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە مائارىپ سىستېمىسىنىڭ مۇددىئاسى ۋە (شۇ سىستېمىدا) قانداق كىشىلەر يېتىشتۈرۈلىدىغانلىقىنىمۇ بايان قىلغان. «دىۋان»دا ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركلەر ئارىسىدا ئوقۇش ۋە يېزىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئومۇملاشقانلىقى كۆرسىتىلگەن بەزى خاتىرىلەرمۇ مەۋجۇت. ئىسلام مەدەنىيىتى دائىرىسىگە كىرگەن قاراخانىيلار ئىسلامىي مائارىپ سىستېمىسىنىمۇ قوبۇل قىلغان بولۇپ، ھەم دىنىي، ھەم باشقا ئىلىملەر ئۆگىتىلىدىغان مەكتەپ ۋە مەدرىس سىستېمىسى يولغا قويۇلغانىدى. مەزكۇر سىستېما شەرقىي تۈركىستاندا 20 ـ ئەسىرگە قەدەر داۋاملاشقان. بۇ دەۋردە قەشقەر، بالاساغۇن، سەمەرقەنت، بۇخارا، تاشكەنت، ياركەنت قاتارلىق نۇرغۇن شەھەرلەر ئىلىم ـ پەن، سەنئەت ۋە مائارىپ مەركىزىگە ئايلانغان. بۇ مەركەزلەردە مەسچىت، كارۋان سارايلىرى، دوختۇرخانا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇئەسسەسەلەردىن باشقا، ئىلمىي پائالىيەتلەر قەرەللىك ۋە پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇنتىزىم مائارىپ ئاپپاراتى سۈپىتىدە نۇرغۇن مەدرىسلەر قۇرۇلغانىدى.

10 ~ 12 ـ ئەسىرلەردە، بۇخارا، خارەزم، مەرۋە، نىشاپۇر، بەلخ، غەزنە ۋە خوتەن قاتارلىق تۈرك شەھەرلىرىدە كۇتۇپخانىلىرى بار نۇرغۇن مەدرىسلەر تەسىس قىلىنىدى. ئەبۇل فەزىل بەيھەقىگە كۆرە، ئىلگىرى خوتەن رايونىدا يىگىرمىدىن ئارتۇق مەدرىس بار ئىدى. ئەمما، بۇلاردىن پەقەت سەيياد شارتۇز رايونىدىكى خوجا مەشھەد مەدرىسىلا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. ساتۇق بۇغراخان قەشقەردە سالدۇرغان، شۇنداقلا مەھمۇد كاشغەرى قاتارلىق نۇرغۇن بۈيۈك ئالىملار يېتىشىپ چىققان ساجىيە ۋە ھەمدىيە مەدرىسلىرى، تامغاچ بۇغرا قاراخان ئىبراھىم سەمەرقەنتتە سالدۇرغان مەدرىس، مەھمۇد

كاشغەرى باغداتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قەشقەر ئوپالدا سالدۇرۇپ، ئۆز نامى بىلەن ئاتىغان ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلىگەن «مەھمۇدىيە» مەدرىسى تۈرك مائارىپ تارىخىدىكى مۇھىم ئاپپاراتلاردۇر. بۇ ئاپپاراتلار ئۇنىۋېرسال مۇئەسسەسە خاراكتېرىدە بولۇپ، مائارىپ ئاپپاراتى بولۇشتىن باشقا، ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئالىملارنىڭ يىغىلىش مەركىزى ئىدى. «قۇتادغۇ بىلىگ»دىكى مەلۇماتلارغا كۆرە، 11 ـ ئەسىردىكى تۈرك دۇنياسىدا تەپسىر، ھەدىس، فىقھى قاتارلىق دىنىي ئىلىملەر ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ باشقا تارماقلىرى بارلىقىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن.

بۇلارنى تۆۋەندىكىدەك رەتكە تۇرغۇزۇشقا بولىدۇ: مۇنەججىملىك، گېئومېترىيە، ھېساب، كەررە، بۆلۈش، تەئزىف (ئىككىگە كۆپەيتىش) ۋە تەنسىف (ئىككىگە بۆلۈش)، ئادەد جەزرى (سان يىلتىزى)، جەم، تەفرىق، يۈز ئۆلچەش، جەبىر (ئالگېبرا)، مۇقابەلە (ئۆزئارا ئوقۇشۇش)، ھەيئەت (ئاسترونومىيە)، تېبابەت، تىل، نۇتۇق، شېئىر، بىناكارلىق، ھۆسنخەت، چەتئەل تىلى، چۈش تەبىرى، ھېكمەت قاتارلىقلار.

بۇ دەۋردە ئالىم، تېۋىپ، خەزىنىچى، پۈتۈكچى، باجگىر قاتارلىق دۆلەت مەمۇرلىرى ۋە قازى، مۇپتى، ئىمام، خاتىب قاتارلىق دىنىي خادىملار مەدرىسلەردە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مائارىپ ئاپپاراتلىرىدا تەربىيەلىنەتتى. ئەينى دەۋرنىڭ شارائىتىنى نەزەردە تۇتقاندا، مەدرىسە مائارىپىدىن باشقا، خۇسۇسىي دەرس ئارقىلىق تەربىيەلەنگەنلەر ھەم بولۇشى مۇمكىن. جامال قارشىمۇ (جمال قرشي، 13 ـ ئەسىردە ياشىغان تۈركىستانلىق ئالىم ۋە ھۆكۈمدار، ت) قاراخانىيلارنىڭ مەشھۇر ئىلمىي يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولغان ساجىيە مەدرىسىدە، ئىجتىمائىي ۋە ئىلىم ـ پەندىن باشقا يەنە شەرق ۋە غەرب پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىنغانلىقىنى ۋە مىڭلىغان چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇلغانلىقىنى قەيت قىلغان.

قاراخانىيلار قۇرغان مەدرىسلەردە، ھەم مائارىپ سىستېمىسى، ھەم ئوقۇغۇچىلار مەسلىسى ئىنتايىن ئادىل ھەل قىلىنغان. مەسىلەن، مەدرىسلەرنىڭ كىرىم مەنبەسى ناھايىتى مول بولۇپ، مۇدەررىسلەر ۋە ئوقۇغۇچىلار قەرەللىك ھالدا مائاش ۋە ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئالاتتى. ئوقۇغۇچىلار يەنە ياتاقلىق ئوقۇش پۇرستى بىلەن تەمىنلەنگەن. بۇ ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن ئىنتايىن ئىلغار مائارىپ سىستېمىسى ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، بۇ مائارىپ ئاپپاراتلىرىدىكى ئىلمىي مۇستەقىللىقنىڭ بۈگۈنكى سەۋىيەگە يېقىنلاشقانلىقى كۆرسىتىدۇ. خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدە مائارىپ ئاپپاراتلىرى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تەبئىي ۋە تىببىي ئىلىملەردىكىدەك، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە، بولۇپمۇ قانۇن، تۈرك ـ ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە فىلولوگىيە ساھەلىرىدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەرلەرنىڭ ئىجاد قىلىنىشى؛ شۇ دەۋرنىڭ قانۇن تەپەككۇرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان قانۇن سىستېمىسىنىڭ شەكىللەندۈرۈلگەنلىكى تۈرك مائارىپىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ دەۋردىكى مائارىپ سىستېمىسى تۈركلەردىكى ئىجتىمائىي باراۋەرلىك ۋە پىكىر ئەركىنلىكىنى يۇقىرى پەللىگە چىقاردى. تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيەت، قانۇن، ھەربىي، ئىلىم ـ پەن، تېبابەت، كانچىلىق، ئاسترونومىيە، كالېندار، ئەخلاق، باقمىچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، سەنئەت، ئەدەبىيات ۋە

تەرجىمە قاتارلىق ساھەلەردە قوللانغان مېتودلىرى، دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى تۈرك مائارىپىنىڭ سەمەرىسىدۇر. موڭغۇل ئىمپېراتورلىرى تەرىپىدىن ئۇيغۇرستاندىن خارەزمگىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىلا ئەمەس، بەلكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلىنغان مەسئۇد بەگ دەۋرىدە بۇخارادا سېلىنغان «خانىييە» ۋە «مەسئۇدىييە»دىن ئىبارەت ئىككى مەدرىسىنىڭ ھەر بىرىدە 1000 ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى بار ئىدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، سورغاغتانى بېكى بۇ ئىككى مەدرىسىنىڭ ھەربىرىگە ئون مىڭ بالىش ئىئانە قىلغان. «خانىييە» مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى ۋە مۇتىۋەللىسى مەشھۇر سەيفىددىن باھېرزى ئىدى. «جەۋھەريي لۇغىتى»نىڭ تەرجىمانى (جامال قارشى)نىڭ ئېيتقىنىدەك، مەسئۇد بەگ يەنە قەشقەردىكى «مەسئۇدىيە» مەدرىسىنىمۇ قۇرغۇچىسىدۇر. بۇخارا 1270 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئىچكى ئۇرۇش نەتىجىسىدە ۋەيران بولغان. يەتتە يىل داۋاملاشقان بۇ ئۇرۇش مابەينىدە، مەزكۇر ئىككى مەدرىس ۋە ئۇلارغا قاراشلىق كۇتۇپخانىلارنىڭ ھەممىسى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

تۈركلەر ئارىسىدا مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئەرەب يېزىقىنىڭ قاراخانىيلارنىڭ مائارىپ ساھەسىدە قاچاندىن باشلاپ ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكى نامەلۇم. بۇ يېزىق 10 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنىنىڭ قاراخانىيلار تەۋەسىدە يېيىلىشىغا ئەگىشىپ، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى ئۆگىنىش ئېھتىياجى سەۋەبلىك قوبۇل قىلىنغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ. يەنە شۇ ئەسىردە، قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدە پەن ۋە دىنىي ئىلىم تەڭ ئوقۇتۇلىدىغان مەدرىسىلەردە ئەرەب تىل ـ يېزىقىنىڭمۇ ئۆگىتىلگەنلىكى ئېنىق. «قۇتادغۇ بىلىگ» بېغىشلانغان ھۆكۈمرانىنىڭ دەۋرىدە، ياركەنتتە چىقىرىلغان مەھكىمە قارارلىرى ئىچىدە، ئۇيغۇرچە ۋە ئەرەبچە ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان تۈركچە ۋەسىقەلەر بار بولغىنىدەك، ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان ئەرەبچە ۋەسىقەلەرمۇ بار ئىدى. بۇ ۋەسىقەلەرنىڭ بەزىلىرىگە گۇۋاھچىلارنىڭ ئىمزاسى ئۇيغۇرچە ھەرپلەر بىلەن قويۇلغان. مەزكۇر ۋەسىقەلەردىن 11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا (قاراخانىيلارنىڭ) مائارىپ ساھەسىدە ئەرەب يېزىقىنىڭ مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. ئەمما، قاراخانىيلار ئەرەب ئېلىپبەسىنى ئۆز پېتى ئەمەس، بەلكى ئازراق ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلغان. بۇ سەۋەبتىن، بىر قىسىم يېزىق مۇتەخەسسىسلىرى بۇ ئېلىپبەنى «قاراخانىيلار يېزىقى» دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق تاپقان. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە، (قاراخانىيلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان) ئەرەب ئېلىپبەسىگە يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن ۋە بۇ يېزىق شۇنىڭدىن كېيىن «چاغاتاي يېزىقى» دەپ ئاتالغان.

8 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇيغۇرلار ھەر خىل سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە قۇرغان كۆپلىگەن كۇتۇپخانىلار ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ساھەسىدە قانچىلىك ئۇتۇق قازانغانلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

تۈركلەر يېزىق ۋە كىتابلارغا قىزىقىپلا قالماي، يەنە ھەر خىل ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈپ ساقلاشقىمۇ قاتتىق ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ تۈركلەر ئارىسىدىكى ئىلمىي ئەنئەنىدۇر. ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش نەتىجىسىدە، قەدىمىي مازار ۋە قەبرىلەر، ئولتۇراق رايونلار، ئۆڭكۈرلەر ۋە ئىبادەتخانىلاردىكى ھەر خىل

ئاسار ـ ئەتىقىلەر قېزىپ چىقىلدى. ستەيىن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان «دەندان ئۆيلۈكى»دىن، بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنقى كۇتۇپخانىنىڭ خارابىسىنى تاپتى. كۆكتۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار 7 ~ 9 ـ ئەسىرلەردە تىكلىگەن ۋە سانى 200 دىن ئاشىدىغان مەڭگۇ تاش يېزىقلىرىدا، قاغان، قوماندان ۋە باشقا دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ مىللەت ۋە دۆلەتكە قوشقان تۆھپىسى نامايەن قىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاق ئېلىشى ئۈچۈن سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆگۈتلەرگىمۇ ئورۇن بېرىلگەن. مەڭگۇ تاشلاردا يەنە مىللەتنىڭ تارىخى، كۇلتۇرى، مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە غايىسى بايان قىلىنغان. تۈرك تارىخى ۋە كۇلتۇر تەتقىقاتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ مەڭگۇ تاشلارنىڭ «تاش كۇتۇپخانا» ياكى «ئورخۇن كۇتۇپخانىسى» دەپ ئاتالغانلىقى بۇ ھەقتىكى ئىللا باھالار جۈملىسىدىندۇر.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدىمۇ كۇتۇپخانىچىلىق تەرەققىي قىلغانىدى. بۇ دەۋردە، ھەر بىر ئىبادەتخانىدا بىردىن كۇتۇپخانا بار ئىدى. ختاي ئەلچىسى ۋاڭ يەندېغا كۆرە، ئەينى چاغدا تۇرپاندا تەخمىنەن ئەللىكتەك بۇددا ئىبادەتخانىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىتابلار بىلەن تولغانىدى. تۇرپان شەھرىگە يېقىن جايدا ئېلىپ بېرىلغان قېدىرىش جەريانىدا كۇتۇپخانىلار ۋە كىتابلار تېپىلدى. بارغانسېرى قۇملاشقان بۇ شەھەرلەر ئەينى چاغدا تاشلىۋېتىلگەن بولۇپ، ئەسىرلەر بويى يامغۇر ۋە نەملىك بولمىغانلىقتىن، بۇ كىتابلار قۇم ئارىسىدا چىرىپ كەتمەي، بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ قالغانىدى. مەزكۇر كۇتۇپخانىلارنىڭ كۆپىنچىسى قاراخانىيلارنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا قىلغان ھۇجۇمىدا ۋەيران قىلىنغان. بۇددا دىنى مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن زىيالىيلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلتۈرۈلگەن. مەھمۇد كاشغەرى نەقىل قىلغان ئۇرۇش توغرىسىدىكى شېئىردا، قاراخانىيلار قوزغىغان بۇ ئۇرۇشلارغا ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەت دەپ باھا بېرىلگەن بولۇپ، شېئىردا شۇنداق دېيىلگەن:

سەل كەبى ئاقتۇق،

شەھەرلەر ئۈستىگە چىقتۇق،

بۇتخانىلارنى چاقتۇق،

بۇتلارنىڭ ئۈستىگە چوك تەرەت قىلدۇق.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ جىلد 343 ~ 344 ـ بەتلەر.

قاراخانىيلارنىڭ قەشقەر، بالاساغۇن، سەمەرقەنت، بۇخارا، تاشكەنت، ئوترار، ياركەنت ۋە خوتەن قاتارلىق پەن، سەنئەت ۋە مائارىپ مەركەزلىرىدە بەرپا قىلىنغان ئالىي مائارىپ ئاپپاراتلىرىدىمۇ كۇتۇپخانىلار تەسىس قىلىنغانلىقى شەكسىز. ھالبۇكى، ساجىيە ۋە سەمەرقەنت مەدرىسلىرىدىن سىرت، قاراخانىيلار رايونىدىكى باشقا كۇتۇپخانىلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا قولىمىزدا ھېچقانچە ماتېرىيال يوق. «قۇتادغۇ بىلىگ» ئىسىملىك سىياسەت كىتابىنى يازغان يۈسۈپ (خاس ھاجىپ)نىڭ ھىندىستان، ئىران، گرېتسىيە ۋە ختاي كۇلتۇرىگە ئائىت ئىلمىي ۋە قانۇنىي تەپەككۇرىنى نەزەردە تۇتقاندا، قاراخانىيلارنىڭ

ئوخشمغان كۇتۇپخانىلىرىدا يۇقىرىدىكى دۆلەتلەردىن ئەكېلىنگەن ماتېرىياللارغىمۇ ئورۇن بېرىلگەنلىكى مەلۇم. قاراخانىيلار دەۋرىدە تۈركلەردىن خارەزمى، فارابى، ئىبن سىنا، بىرۇنى، ھۈسەيىن ئىبن خەلەفىي، ئابدۇلغاففار ئالمالى، مەھمۇد كاشغەرى، بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ، جەۋھەرىي، قەشقەرلىك ئىمامۇددىن، مۇھەممەدئەلى مۇھەممەدئەمىن، ئەلكاتىپ سەمەرقەندى ۋە جامال قارشىغا ئوخشاش نۇرغۇن ئالىملارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى شۇلار ياشىغان شەھەرلەردە تەسىس قىلىنغان كۇتۇپخانىلار تەمىنلىگەن ئىلمىي پۇرسەتتىن ئايرىلالمايدۇ. مەسىلەن، كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بۇخارا كۇتۇپخانىسىنىڭ داڭلىق تىبابەت ئەربابى ئىبنى سىنانىڭ يېتىشىپ چىقىشىدا مەكتەپ ۋە مەدەنىيەت مەركىزلىك رولىنى ئوينىغانلىقى ھەممىگە ئايان. جامال قارشى 9 ـ ئەسىردە يېتىشىپ چىققان تۈرك تىلشۇناس ئەل جەۋھەرىنىڭ «ئاشاھ فىللۇغەت» ناملىق تۆت قىسىملىق ئەسىرىنى 1282 ـ يىلى، ساجىيە كۇتۇپخانىسىدا ئەرەب تىلىدىن پارس تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئەمما، مەزكۇر كۇتۇپخانىلارنىڭ كۆپىنچىسى بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالالمىغان. بۇ كۇتۇپخانىلار يانغىن، كەلكۈن، ئۇرۇش، ئىچكى نىزا، تەبىئىي ئاپەت، توپىلاڭ ۋە تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە ۋەيران بولغان.

قىسقىسى، تۈرك كۈلتۈرىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى بولغان تۈرك مائارىپى باشقا نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ مائارىپ مېتودىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار 13 ـ ۋە 14 ـ ئەسىرلەرگىچە نايمانلارنىڭ، قىتانلارنىڭ، موڭغۇللارنىڭ ئوردىلىرىدا ھۆكۈمدارلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئۇستازلىق قىلغىنىدەك، بۇلار قۇرغان دۆلەتلەردىمۇ پۈتۈكچى، ئۇستاز ۋە ئالىملاردىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلار، تاڭغۇتلار، كورېيانلار ۋە غەربىي ئاسىيا مىللەتلىرىدىن بولغان پارسلار ۋە ئەرەبلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ كۆرۈنەرلىكتۇر. ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ نەتىجىسى ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان تەجرىبىلەر ھەققىدە توختالغان ب. ئۆگەل مۇنداق دېگەن: «ئاسىيادىكى بارلىق مىللەتلەر بىلەن ئۇچراشقان ۋە رەقىبلىرىنىڭ كۈچىنى قانداق ئۆلچەشنى بىلىدىغان سودىگەر، ئالىم ۋە سەنئەتكار ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ ئىستېلالىرىغا يول كۆرستەتتى ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە چوڭ دۆلەتلەرنىڭ شاراپىتىدىن قانداق پايدىلىنىشنىمۇ بىلەتتى.»

تۈركچىدىن ئۆتكۈر ئالماس ئۇيغۇرچىلاشتۇردى

مەنبە:

https://atif.sobiad.com/index.jsp?modul=makale-goruntule&id=AWKaH88gIwYof_IhoPgM



# ئەركىنلىك توغرىسىدىكى ئەقلىيە سۆزلەر

## ئەركىنلىك توغرىسىدىكى ئەقلىيە سۆزلەر

1. قىسقىغىنە ئۆتكۈنچى بىخەتەرلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن زۆرۈر ئەركىنلىكتىن ۋاز كېچىدىغانلار ئەركىنلىككىمۇ، بىخەتەرلىككىمۇ لايىق ئەمەس.

بېنجامىن فرانكلىن

They who can give up essential liberty to obtain a little temporary safety deserve neither liberty nor safety.

Benjamin Franklin

2. مائارىپ ئەركىنلىكنى مۇنتىزىم ئارمىيەدىنمۇ بەكرەك كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ.

ئېدۋارد ئېۋېرېت

Education is a better safeguard of liberty than a standing army.

Edward Everett

3. دىكتاتۇرا تەبىئىي ھالدا دېموكراتىيەدىن بارلىققا كېلىدۇ، ئەڭ ئېغىر دەرىجىدىكى مۇستەبىتلىك ۋە قۇللۇق شەكلى ئەڭ چېكىدىن ئاشقان ئەركىنلىكتىن كېلىدۇ.

ئەپلاتون

Dictatorship naturally arises out of democracy, and the most aggravated form of tyranny and slavery out of the most extreme liberty.

Plato

4. ئەركىنلىكنىڭ تەننەرخى زۇلۇمنىڭ بەدىلىدىن تۆۋەن.

دۇ بورس

The cost of liberty is less than the price of repression.

W. E. B. Du Bois

5. ئەركىنلىكنى سۇيىئىستېمال قىلىش ئەركىنلىكنى تەھدىتكە ئۇچراتقىنىدەك، هوقۇقنى سۇيىئىستېمال قىلىشمۇ ئوخشاشلا ئەركىنلىكنى خەۋپكە ئۇچرىتىدۇ.

جېيمس مادىسون

Liberty may be endangered by the abuse of liberty, but also by the abuse of power.

James Madison

6. ئۆزىنىڭ تەپەككۇر جەريانىنى تىزگىنلىيەلمەيدىغان كىشىلەر پىكىر ئەركىنلىكى سەۋەبلىك هالاك بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر پىكىر پىشىپ يېتىلمىسە، پىكىر ئەركىنلىكى ئىنسانىنى هايۋانغا ئايلاندۇرىدىغان ۋاستىگە ئۆزگىرىدۇ.

مۇھەممەد ئىقبال

People who have no hold over their process of thinking are likely to be ruined by liberty of thought. If thought is immature, liberty of thought becomes a method of converting men into animals.

Muhammad Iqbal

7. كۆڭۈلدىكىدەك جەمئىيەت ئەركىنلىك بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە چاتاق چىققاندا، مەسىلىنى ساقچى بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

دېيۋىد لامي

A good society is characterised not just by liberty but by mutual respect and responsibility. When this breaks down it takes a lot more than police officers to put things right.

David Lammy

8. ئەركىنلىك ئۆزىمىز ياقتۇرىدىغان ئىشنى قىلىش ھوقۇقى ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىش ھوقۇقىدۇر.

جون دالبېرگ ئەكتون

Liberty is not the power of doing what we like, but the right to do what we ought.

John Dalberg_Acton

9. ئەركىنلىك مەسئۇلىيەتتىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭلاشقا كۆپىنچە كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھېيىقىدۇ.

جورج بېرنارد شاۋ

Liberty means responsibility. That is why most men dread it.

George Bernard Shaw

10. ئۆز تىلىنى ساقلاپ قالالىغان قەۋم ئەركىنلىك بەلگىسىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ.

جوسى رىزال

While a people preserves its language; it preserves the marks of liberty.

Jose Rizal

11. ئەركىنلىكنى ساقلاپ قېلىش ئۇنىڭغا ئېرىشىشتىنمۇ قىيىن.

جون كالھون

It is harder to preserve than to obtain liberty.

John C. Calhoun

12. دۇنيادىكى كۆپىنچە كىشىلەر ئەركىنلىككە ئەمەس، بىخەتەرلىككە تەلپۈنىدۇ.

مېنكېن

Most people want security in this world, not liberty.

H. L. Mencken

13. خەلق ئارىسىدا بىلىم ئومۇملاشمىسا، ئەركىنلىكنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ.

جون ئادامس

Liberty cannot be preserved without general knowledge among the people.

John Adams

14. ئەخلاق بولمىسا ئەركىنلىك، ئېتىقاد بولمىسا ئەخلاق ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.

ئالېكسىس دې توكۋېل

Liberty cannot be established without morality, nor morality without faith.

Alexis de Tocqueville

**15. بۇ قورال ـ ئەركىنلىكتۇر. شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، قورالنى يوقاتقان كۈنىڭىز، قۇللۇققا قايتىسىز.**

**توسسەينت لوۋېرچۇر**

This gun is liberty; hold for certain that the day when you no more have it, you will be returned to slavery.

Toussaint Louverture

**16. ھەقىقىي ئۇتۇق ئىتائەت بىلەن ئەركىنلىكنىڭ بىرىكىشىدىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.**

**نادىيا بوۋلەنگېر**

A great work is made out of a combination of obedience and liberty.

Nadia Boulanger

**17. ئەمما، ھېكمەت ۋە پەزىلەتتىن خالىي ئەركىنلىك قانداق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ؟ ئۇ مۇمكىن بولغان بارلىق رەزىللىكلەرنىڭ ئەڭ قەبىھىدۇر؛ چۈنكى ئۇ تەربىيە ۋە چەكلىمىدىن خالىي ھاماقەتلىك، ناچارلىق ۋە ساراڭلىق (نىڭ بىرىكمىسى)تۇر.**

**ئەدمۇند برك**

But what is liberty without wisdom, and without virtue? It is the greatest of all possible evils; for it is folly, vice, and madness, without tuition or restraint.

Edmund Burke

18. (قارىغۇلارچە) ئەركىنلىك ئىزدىسەڭ، نەپسىڭنىڭ قۇلىغا ئايلىنىسەن. ئۆزۈڭگە چەك قويۇشقا تىرىشساڭ، ئەركىنلىكىڭنى تاپىسەن.

فرانك ھېربېرت

Seek freedom and become captive of your desires. Seek discipline and find your liberty.

Frank Herbert

19. بالىلىرىمنىڭ ماتېماتىكا بىلەن پەلسەپە ئۆگىنىدىغان ئەركىنلىكى بار بولۇشى ئۈچۈن، مەن چوقۇم سىياسەت بىلەن ئۇرۇشنى ئۆگەنمىسەم بولمايدۇ.

جون ئادامس

I must study politics and war that my sons may have liberty to study mathematics and philosophy.

John Adams

20. سىزگە دەيمەنكى، ئەركىنلىك ئەزەلدىن قان، يەنى ئىنسانلارنىڭ قېنى بەدىلىگە كەلگەن. ئەگەر بىز ئەركىنلىكىمىزدىن مەھرۇم قالساق، ئۇنى پەقەت قان بەدىلىگىلا قايتىدىن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

رېۋبېن كلارك

I say to you that the price of liberty is and always has been blood, human blood, and if our liberties are lost, we shall never regain them except at the price of blood.

J. Reuben Clark

21. بۆرىلەرگە بېرىلگەن ئەركىنلىك قوزىلار ئۈچۈن ئۆلۈم دېمەكتۇر.

ئايزائىيا بېرلىن

Liberty for wolves is death to the lambs.

Isaiah Berlin

22. ئەركىنلىكتىن خالىي تەرتىپ ۋە تەرتىپ خالىي ئەركىنلىك ئوخشاشلا ۋەيران قىلغۇچتۇر.

تېئودور روزۋېلت

Order without liberty and liberty without order are equally destructive.

Theodore Roosevelt

23. ئەركىنلىك تارىخى ـــ قارشىلىق كۆرسىتىش تارىخىدۇر.

ۋۇدروۋ ۋىلسون

The history of liberty is a history of resistance.

Woodrow Wilson

**24. ئومۇميۈزلۈك ئەخلاقسىزلاشقان قەۋمدە ئەركىنلىك ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.**

**ئېدمۇند بېرك**

Among a people generally corrupt liberty cannot long exist.

Edmund Burke

**25. بىز ماموۇق كۆرپە ئۈستىدە يېتىپ تۇرۇپ، مۇستەبىتلىكتىن قۇتۇلۇپ ئەركىنلىككە ئېرىششنى تەمە قىلماسلىقىمىز كېرەك.**

**توماس جېفېرسون**

We are not to expect to be translated from despotism to liberty in a featherbed.

Thomas Jefferson

ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى

مەنبە:

https://www.brainyquote.com/topics/liberty_quotes



# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە ـ ھادىسىلەر

(2021-يىلى 8 – ئاينىڭ 30 – كۈنىدىن 9 – ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە)

# ئايلىق خەۋەر

**(2021 ـ يىلى 30 ـ ئاۋغۇستتىن، 27 ـ سېنتەبىرگىچە)**

## خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا تۆت يېرىم مىليون نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى چەكلىمەكچى

ئامېرىكا ھەپتىلىك خەۋەرلەر تورىنىڭ 25 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي كومىنىستىك پارتىيىسى كەلگۈسى يىگىرمە يىلدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان تۆت مىليون بەش يۈز مىڭ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدىكەن. گېرمانىيە تەتقىقاتچىسى ئادرىيان زېنزنىڭ (Adrian Zenz) بىلدۈرۈشىچە خىتاي ھۆكۈمىتى يېقىنقى يىللاردىن بېرى «شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش»، «دىنىي ئاشقۇنلۇقنى يوقىتىش» قاتارلىق تۈرلۈك ناملار بىلەن ئۇيغۇر ۋە تۈركىي مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشنى داۋام قىلىۋاتقان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا نوپۇسنىڭ ئېشىشى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەن. شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا بولسا نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتى نۆلگە چۈشۈپ قالغان. زېنز ئەپەندىمنىڭ تەتقىقاتى خىتاي ھۆكۈمىتى ئاشكارلىغان ھۆججەتلەرنى ئاساس قىلغان بولۇپ، خىتاي مەجبۇرىي تۇغۇتتىن چەكلەش، باشقا يۇرتقا سۈرگۈن قىلىش قاتارلىق رەزىل ۋاستىلەر ئارقىلىق نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى قاتتىق كونترول قىلغان. ئادرىيان زېنزنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا خىتاي كومۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رايوندا يۈرگۈزگەن رەزىل سىياستى 2040 ـ يىلىغا قەدەر تەخمىنەن تۆت مىليون بەش يۈز مىڭ نوپۇسنىڭ كېمىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن.

## ئامېرىكا خۇاۋېيغا مىكرو ئۆزەك سېتىشنى تەستىقلىدى

نيۇيورك پوچتا گېزىتىنىڭ 26 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، چارشەنبە كۈنى بايدىن ھۆكۈمىتى قارا تىزىملىكتىكى خىتاي تېلگراف شىركىتى خۇاۋېيغا مىكرو ئۆزەك سېتىش ئىجازەتنامىسىنى تەستىقلىغان. سابىق پرېزىدېنت دونالد ترامپ (Donald Trump) مەزگىلىدە خۇاۋېيغا چەكلىمە قويۇلغان ۋە بۇ چەكلىمىلەر ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. بايدىننىڭ بۇ قېتىم خۇاۋېيغا ئۆزەك سېتىش

ئىجازەتنامىسىنى تەستىقلىشى ئامېرىكىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى خىتاينىڭ بۇ شىركىتىنى جاسۇسلۇق بىلەن شۇغۇللاندى دەپ قارايدىكەن. خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە بۇ خەۋەر خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبلىك ئۆزەككە بولغان ئېھتىياج ئېشىۋاتقان بىر مەزگىلدە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئىككى پالاتانىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بايدىننىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۈچلۈك تەنقىد قىلغان.

## ماراكەش سوتى ئىدرىس ھەسەننى ئۆتكۈزۈپ بېرىش يىغىننى كېچىكتۈردى

يېڭى ئەرەب خەۋەرلەر تورىنىڭ 26 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ماراكەش سوتى پەيشەنبە كۈنى خىتاي تەرەپتىن تېررورلۇق بىلەن ئەيىبلىنىپ ماراكەشتە تۇتۇپ قېلىنغان مۇسۇلمان ئىدرىس ھەسەننى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارارىنى كېچىكتۈرگەن. ئىدرىس ھەسەن بىخەتەر دۆلەتكە بېرىش مەقسىتىدە تۈركىيەدىن مارەكەشكە ئۇچقان سەپىرىدە 19 ـ ئىيۇل خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن كاسابلانكا ئايرودۇرۇمىدا تۇتقۇن قىلىنغان ۋە 2017 ـ يىلى خىتايدا يۈز بەرگەن تېررورلۇق بىلەن چېتىشلىق دەپ ئەيىبلەنگەن. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئالدىنقى ئايدا ئىدرىس ھەسەن مەجبۇرىي خىتايغا قايتۇرۇلسا ئۇنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، نۆۋەتتە ماراكەش سوتى خىتاينىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنى خىتايغا قايتۇرۇش قارارىنى كېچىكتۈرگەن.

## «ئەركىنلىك يۈرۈشى» پىدائىيلىرى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن پىيادە ماڭدى

يېقىندا بىر ئامېرىكىلىق ئائىلىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توختىتىش نامى بىلەن ئېلىپ بارغان كولورادودا پىيادە مېڭىش ھەرىكىتى دىققەت قوزغىغان، ئۇلار بۇ 485 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان مۇساپىنى پىيادە مېڭىپ 28 ـ ئاۋغۇست تاماملىغان بولۇپ، پۈتۈن مۇساپىنى تاماملاشقا جەمئىي ئالتە ھەپتە ۋاقىت كەتكەن. ھەرىكەت جەريانىدا ئۇلار كىشىلەرگە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىك ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئاڭلاتقان. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ زىمىستان قىش تورى بۇ ھەقتە مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلغان.

## «سەرخىللار ماگارپى» ھەرىكەتتە

2021 ـ يىلى يازلىق تەتىللىك مەكتەپ پروگراممىسىنىڭ خۇلاسە يىغىنى تونۇگۇن چۈشتىن كېيىن ئۇقۇ ئۇيغۇر بىلىگ يۇرتى پائالىيەت زالىدا غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى.

«سەرخىللار مائارىپى» نىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوقۇتۇش لايىھەسى 2020 ـ يىلى يازدا فىزىكا پەنلىرى دوكتورى مەھمۇتجان لېتىپ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن ، ئۇيغۇر پروجېكت فوندىنىڭ ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشكەن ۋە شۇ يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا تۈركىيە مىقياسىدا بىر نەچچە قېتىملىق يېزىقچە ۋە يۈز ـ تۇرانە ئىمتىھانلار ئارقىلىق ئەڭ دەسلەپكى ئىمتىھانغا تىزىملاتقان يۈزگە يېقىن ئوقۇغۇچىدىن ئادىل تاللاشلار نەتىجىسىدە، تۇنجى تۈركۈمدە جەمئىي 16 نەپەر ئوقۇغۇچى تاللىۋېلىنىپ، 2021 ـ يىلى 1 ـ يانۋاردىن باشلاپ، ئىنتېرنېت ئارقىلىق رەسمىي ئوقۇتۇشنى باشلىغان.

ئىگەللىنىشىچە «سەرخىللار مائارىپى» تۈركىيەنى ئاساس قىلغان ھالدا تالانتلىق ۋە بەلگىلىك يوشۇرۇن كۈچى بولغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى دۇنياۋى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارغا نۇقتىلىق تەربىيەلەش، ئۆز ئانا تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۇنتۇمىغان ، مىللىتىگە خىزمەت قىلالايدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد سەرخىللارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش مەقسىتىدە قۇرۇلغان بولۇپ، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار بۇ خىل ئۇنىۋېرسىتېتلارغا كىرىش ئۈچۈن شەرت بولغان ئېنگلىز تىلى ۋە باشقا پەنلەر بويىچە ئالاھىدە تەربىيەلىنىدىكەن. ھەر قايسى ساھەلەردىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرى تەكلىپ قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ داڭلىق مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغان «ئىجتىمائىي پائالىيەت نەتىجىلىرى»نى قولغا كەلتۈرۈشكە، شۇنداقلا تۈرلۈك ئىلتىماس تەييارلىقلىرى ۋە رەسمىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىنىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئوقۇغۇچىلارغا يەنە ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر تارىخى دەرسلىكى زۆرۈر دەرسلىكلەر قاتارىدا ئۆتۈلىدىكەن.

## كوداكنىڭ خىتايدىن كەچۈرۈم سورىشى خىتاينىڭ خورىكىنى ئۆستۈردۇ

فوكۇس خەۋەرلەر تورىنىڭ 2 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، كوداك شىركىتىنىڭ خىتايدىن كەچۈرۈم سورىشى ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەتنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىنستىگرام يازمىسىنى ئۆچۈرۈۋېتىشى ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزاسى رىك سكوتنى (Rick Scott) قاتتىق ئەندىشىگە سالغان. رىك سكوتنىڭ قارىشىچە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر مەزگىلدە، خىتايدىن كەچۈرۈم سوراش خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى جەزىملەشتۈرگەنلىك ۋە كۈچلەندۈرگەنلىك بولىدىكەن. سكوت يەنە بۇ ۋەقە توغرىسىدا كوداك شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارىغا خەت يازغان بولۇپ، ئۇ خېتىدە كوداك شىركىتىنىڭ بۇ قىلمىشى خىتاي

كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى داۋاملاشتۇرۇشقا يول ئېچىپ بېرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

## پادىچىلار ئىشتىنى ۋە كىشىلىك ھوقۇق كرىزىسى

ئامېرىكىدا چىقىدىغان ۋوكس خەۋەرلەر تورى 3-سېنتەبىر «سىز ياقتۇرىدىغان پادىچىلار ئىشتىنى قانداق قىلىپ كىشىلىك ھوقۇق كىرىزىسىگە ھەسسە قوشىدۇ» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، ماقالىدە ئاپتور خىتاينىڭ باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەر ئۈچۈن كىيىم-كېچەك ئىمپورت قىلىدىغان ئەڭ چوڭ دۆلەت ئىكەنلىكىنى، 2002-يىلىدىن 2020 يىلىغىچە خىتاي ئامېرىكا ئۈچۈن ئەڭ چوڭ كىيىم-كېچەك مەنبەسى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. دۇنيا مىقياسىدىكى كىيىم-كېچەك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن دۆلەتلەر خىتايدىن ئىبارەت بۇ يەككە مەنبەگە ھەددىدىن زىيادە تايانغانلىقتىن، خىتايدا زور دەرىجىدە ئەخلاق مەسىلىسى كۆرۈلگەن. 2017-يىلىدىن باشلاپ خىتاي كومپارتىيىسى شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەملىك جازا لاگېرلىرى تەسىس قىلىپ، لاگېرغا قامالغان بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنى قۇل ئىشچى ئورنىدا ئىشلەتكەن. خىتاي يەنە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ يىپ ئىمپورت قىلىدىغان دۆلەت بولۇپ، بۇ پاختا يىپلار زارانىڭ يازلىق كىيىملىرى، گەپنىڭ (GAP) مايكىسى، ياپونىيەدىكى پارچە سېتىش شىركىتى موجىنىڭ دوپپا، پايپاق ۋە پادىچىلار ئىشتىنىنىڭ خام ئەشياسى ھېسابلىنىدىكەن. ھازىرغىچە چەتئەلدىكى نۇرغۇن شىركەتلەرنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ خىتايدىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ماقالىدە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتىدىغان نۇرغۇن مەھسۇلاتلارنىڭ خىتايدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ئالاقىسى بولۇشى مۇمكىن ئىكەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

## خىتاي خەلقئارادىكى قارشىلىقنىڭ كۈچىيىشىگە قارىماستىن قىشلىق ئولىمپىكقا تەييارلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇردى

ھىندىستاندا چىقىدىغان Republic world خەۋەرلەر تورىنىڭ 4- سىنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقئارا چېگرالارنى ئېچىپ، كېلەر يىلى 2-ئايدا خىتايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان 2022-يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ خىتايغا بىخەتەر يېتىپ كېلىشىگە شارائىت ھازىرلىغان. ئولىمپىكنى تەشكىللىگۈچىلەر توكيو ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن ئالغان تەجرىبىسى بويىچە تەييارلىق خىزمىتىنى باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما خىتايدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان بۇ قېتىملىق

مۇسابىقە خىتايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش چاقىرىقىنىڭ كۆنسېرى كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ كەسكىن تەنقىدكە دۇچ كەلگەن. خەلقئارادىكى كۆپلىگەن پائالىيەتچىلەر خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەن بولۇپ، 2022 ـ يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىش چاقىرىقى نىسپىي رەۋىشتە كۈچەيمەكتە.

كۆزەتچىلەرنىڭ بايانىچە، ئۇيغۇرلار بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، ئۆز ـ ئارا ھەمدەمدە بولۇش ئاساسىدا بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ بايقۇت قىلىنىشى ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن كۈرەش قىلىشى، ئۇيغۇر تەشكىلاتچىلار، ئاكتىۋىستلار، زىيالىيلار ۋە بارچە ئۇيغۇر خەلقى زىچ ھەمكارلىق ئورنىتىش ئارقىلىق بېيجىڭنىڭ دۇنيانى داۋاملىق تورىدە ئالدىشىنى توسۇپ قېلىشى كۆنىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن ھېسابلىنىدىكەن.

## ئامېرىكادا ئۇيغۇر لوڭقىسى پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى

ئىجتىمائىي تور تاراتقۇسى "تارىم سۇپىسى"نىڭ (thetarimnetwork) ئىنستاگرام سەھىپىسىدىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا 2021 ـ يىللىق " ئۇيغۇر ئامېرىكا لوڭقىسى" پۇتبول مۇسابىقىسى 2021 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە، ۋاشىنگتون رايونلۇق ئۇيغۇر پۇتبول بىرلەشمىسىنىڭ ( Uyghur Futbol Association of DMV) ساھىبخانلىقىدا ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ لىسبۇرگ (Leesburg, Verginia) شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن.

بۇ يىللىق ئۇيغۇر ئامېرىكا لوڭقىسغا قاتنىشىدىغان كوماندىلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئۇيغۇر بىرلەشمە كوماندىسى
2. ئۇيغۇر بىرلەشمە كلاسسىك كوماندىسى
3. مارىلاند ئۇيغۇر كوماندىسى
4. سان فرانسىسكو ئۇيغۇر كوماندىسى
5. بوستون ـ نيۇيورك ئۇيغۇر بىرلەشمە كوماندىسى
6. ئىزچىلار كوماندىسى

«ئامېرىكا ئۇيغۇر لوڭقىسى» پۇتبول مۇسابىقىسى 2015 ـ يىلى تۇنجى قېتىم ئامېرىكانىڭ ۋىرگىنىيەد شتاتىدا باشلانغان بولۇپ، مۇسابىقە لوس ـ ئانجېلېس، تورونتو ۋە بوستوندىن كەلگەن كوماندىلار بىلەن باشلانغان ئىكەن. ئىگىلىنىشچە، 2019 ـ يىلى، ئامېرىكا، كانادا، نورۋېگىيە، شۋېتسىيە، گوللاندىيە، گېرمانىيە، بېلگىيە، فرانسىيە ۋە ئاۋستىرالىيەدىكى ئۇيغۇر پۇتبول كوماندىلىرى بىرلىشىپ شەرقىي تۈركىستان پۇتبول جەمئىيىتىنى قۇرۇپ چىققان ئىكەن.

## چېقۇېتىلگەن مەسچىتنىڭ ئورنىغا مېھمانخانا سالماقچى بولغان ھىلتون شىركىتى قارشىلىققا ئۇچرىدى

يېڭى ئەرەب (The New Arab) تورىنىڭ 9 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا ئىسلام مۇناسىۋەتلىرى كېڭىشى ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى ھىلتون شىركىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى چېقۇېتىلگەن مەسچىتنىڭ ئورنىغا مېھمانخانا سېلىش قارارىدىن بىر ھەپتە ئىچىدە يېنىشىنى تەلەپ قىلغان. ئۇنداق بولمىغان تەقدىردە ھىلتون شىركىتىنىڭ خەلقئارا مىقياستا بايقۇت قىلىنىشقا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. مەلۇم بولۇشىچە، چارشەنبە كۈنى ئامېرىكا ئىسلام مۇناسىۋەتلىرى كېڭىشى بىر قانچە ئۇيغۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم مۇسۇلمان كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنى باشلاپ ۋىرجىنىيە شتاتىنىڭ شىمالىدىكى ھىلتون مېھمانسارىيى باش شتابىغا بېرىپ، بايقۇت قىلىش توغرىسىدىكى تەلىپىنى ھىلتون خادىملىرىغا تاپشۇرغان.

## بايدىن بىلەن شى جىنپىڭ تېلېفون سۆھبىتى ئۆتكۈزدى

BBC خەۋەرلەر ئاگېنتلىقىنىڭ 10 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئامېرىكا پرېزىدېنتى جو بايدىن بىلەن خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ تېلېفون سۆھبىتى ئېلىپ بارغان بولۇپ، سۆھبەتتە رىقابەتنىڭ توقۇنۇشقا ئايلىنىپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيەتلىرى مۇزاكىرە قىلىنغان. ئاقساراينىڭ باياناتىدا بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ قېتىملىق سۆھبەتتە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق مەنپەئەت ۋە قىممەت قاراشلارنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى توغرىسىدىكى مەسىلىلەر ئاساسىي تېما قىلىنغان. يېقىنقى مەزگىللەردە ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋىتى جىددىيلەشكەن بولۇپ، سودا، جاسۇسلۇق، يۇقۇملۇق كېسەل قاتارلىق ساھەلەردە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەن. ئامېرىكا خىتاينى شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە خوڭكوڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى، جەنۇبىي دېڭىزدىكى

قانۇنسىز ئىگىلىك ھوقۇقى تەلەپ قىلىش قىلمىشى سەۋەپلىك  تەنقىد قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنى ئىزچىل تۈردە رەت قىلىپ، ئامېرىكا بىلەن ئۆزەگىچە سوقۇشتۇرۇپ كەلگەن.

بۇ بايدېن بىلەن شى جىنپىڭنىڭ يەتتە ئايدىن بۇيانقى تۇنجى نۆۋەتلىك تېلفۇن سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشى ئىكەن.

بەزى ئۇيغۇر كۆزەتچىلەرنىڭ قارىشىچا، بايدېن بىلەن شى جىنپىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ تېلفۇن زىيارىتى ئامېرىكانىڭ خىتايغا بېسىم ئىشلىتىش ۋە خىتاي بىلەن كۈچ سىنىشىش جەھەتتە ئاجىز كېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن.

## خىتاي شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت رايونلىرىدا 30 ئايرودروم قۇردى

بۈگۈنكى ھىندىستان تورىنىڭ 10-سېنتەبىردىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى شەرقىي تۈركىستان بىلەن تىبەتتە يېقىندىن ئوتتۇز يېقىن ئايرودروم قۇرغان بولۇپ، بۇ ئوتتۇز ئايرودورمنىڭ بىر قىسمى قۇرۇلۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ھالىتىدە ئىكەن. بۇ ئايردورملار خىتاينىڭ ھىندىستان بىلەن چېگرىلىنىدىغان چەت رايونلاردىكى ھەربىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىكەن. خىتاي ھۆكۈمىتى تىبەتتىكى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنىمۇ كۈچەيتىۋاتقان بولۇپ، خىتاي يېقىندا تىبەتتە يېڭى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول لىنىيىلىرىنى روياپقا چىقارغان. خەۋەردە كۆرسىتىلىشىچە تۆمۈر يول، تاش يول ۋە ئايردروم ئۇل-ئەسلىھەلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلىشى خىتاي ئارمىيىسىنىڭ ئادەم كۈچى، خام ئەشيا ۋە قورال كۈچى قاتارلىقلارنى چېگرا رايونلىرىغا يۆتكەش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدىكەن.

## خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى تەكشۈرۈۋاتقان «ئۇيغۇر سوتى»غا ھۇجۇم قىلدى

ئامېرىكا ئاۋازى تورىنىڭ 10-سېنتەبىردىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە،  خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى 9- سېنتەبىر بېيجىڭدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ 9-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 13-كۈنىگىچە لوندوندا ئېچىلىدىغان «ئۇيغۇر سوتى» نى تەنقىد قىلغان. خىتاي دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى جاۋ لىجەن گۇۋاھچىلارنى ئارتىسلار، سوتنى بولسا قانۇن، ئادالەت ياكى ھەققەت بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دەپ بىلجىرلىغان. خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنى مۇتەخەسسىسى ۋە داڭلىق ئادۋوكات جېفرى نايىس (Geoffrey Nice) ئەپەندى باشچىلىقىدىكى بۇ تۇققۇز كىشىلىك زاستاتىللار ئۆمىكى

ئاكادېمىكلار، سەھىيە ۋە سودا مۇتەخەسسىسلىرى، دىپلوماتلار ۋە ئادۋوكاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، سوت بۇ يىل ئالتىنچى ئايدا تۇنجى قېتىملىق ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئۆتكۈزگەن. ئۇيغۇر سوتى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ئائىت دەلىل-ئىسپاتلارنى توپلاشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، زاستاتىللار ئۆمىكى يىل ئاخىرغىچە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىغا قارىتا ھۆكۈم چىقىرىشنى پىلانلىغان.

## خىتاي ھۆكۈمىتى 11-سېنتەبىر ۋەقەسىنى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنىڭ كوزىرى قىلىۋالغان

ئەنىنى خەۋەرلەر تورىنىڭ 13-سېنتەبىردىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-سېنتەبىر ۋەقەسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان خەلقئارالىق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى باستۇرۇپ كەلگەن. ئامېرىكانىڭ بۇ ۋەقەدە تېرورىست دەپ قارالغان ھەر قانداق بىر كىشىگە چارە كۆرۈشى خىتاي ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت بولغان. خىتاي تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش باھانىسى ئاستىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خالىغانچە باستۇرغان. خەۋەردە بىلدۈرۈلىشىچە، 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئامېرىكا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتىنى خەلقئارالىق تېررورلۇق تەشكىلاتى تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمدارلىرى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ سايىسىدە ئۇيغۇرلارنى تېررورلۇق ۋە ئەسەبىيلىك بىلەن ئەيىبلەپ، شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەملىك باستۇرۇش ئېلىپ بېرىش مەقسىتىگە يەتكەن.

## بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدا ئېلان قىلدى

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تورىنىڭ 15-سېنتەبىردىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى مىچېل باچېلىت (Michelle Bachelet) بۇ ھەپتە شەرقىي تۈركىستاندا سادىر قىلىنىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدا دوكلات بەرگەن. دوكلاتتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھىيلىگەرلىك بىلەن خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆزىتىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئورۇنۇۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالغان. مىچېل باچېلىت شەرقىي تۈركىستانغا كىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش خىزمىتىدە ئىلگىرىلەش بولمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى، ئەمما بىرلەشكەن دۆلەتلەر كىشىلىك ھوقۇق ئىشخانىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدىكى ھازىرغىچە بار بولغان دەلىل-ئىسپاتلارنى باھالاپ چىقىپ ئۇنى خەلقئارا جەمئىيەتكە ئاشكارلايدىغانلىقىنى

بىلدۈرگەن. ئۇنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتكە بەرگەن بۇ ۋەدىسى ھېچقانداق بىر دۆلەتنىڭ خەلقئارا قانۇندىن ئۈستۈن ئەمەسلىكىنى كۆچلۈك بىر شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىكەن.

## ئەنگلىيە پارلامېنتى ختاي ئەلچىسىنىڭ پارلامېنتقا كىرىشىنى چەكلىدى

ئامېرىكا ئاۋازى تورىنىڭ 15 - سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئەنگلىيە ئاۋام پالاتاسىنىڭ باياناتچىسى لىندسەي خويل (Lindsay Hoyle) ختاي ھۆكۈمىتى ئالتە ئاي ئىلگىرى ئەنگلىيەلىك بەش پارلامېنت ئەزاسىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى خىزمەتدىشىغا يۈرگۈزگەن جازانى بىكار قىلمىغۇچە، ختاي ئەلچىسى زې گۇەنجېڭنىڭ (Ze Guangzheng) پارلامېنتقا كىرىشىنى چەكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. خويل چەكلەش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرى دوۋنىڭ كوچىسى (Downing Street) ۋە ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىلەن سۆھبەتلەشكەن بولۇپ، بۇ چەكلەش ئاۋام پالاتاسى باشلىقىنىڭ تۇنجى قېتىم چەتئەل ئەلچىسىگە چەكلىمە قويۇشى ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنىڭ ختاي ئەلچىسگە قارىتا چەكلەش قارارىنى ئېلان قىلىشى ئەنگلىيە باش مىنىستىرى بورىس جونسوننىڭ سابىق سودا مىنىستىرى لىز چراس (Liz Truss) ئەنگلىيىنىڭ يېڭى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلەشتىن بىر قانچە سائەت بۇرۇن ئېلان قىلىنغان. ئىگىلىنىشچە لىز تروس تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولغان ئىككىنچى ئاييال رەھبەر بولۇپ، ئىلگىرى ختايغا قاتتىق تەدبىر قوللانغانلىقى ئۈچۈن ختاي دائىرلىرى تەرىپىدىن تەنقىد قىلىنغان ئىكەن. بۇنىڭدىن سىرت، لىز ئامېرىكا بىلەن ئىتتىپاق قۇرۇش چاقىرىقىنىڭ كۈچلۈك قوللىغۇچىسى بولۇپ، ئۇ ختاي كومپارتىيىسىگە قارشى تېخىمۇ قاتتىق تەدبىر قوللىنىدۇ، دەپ قارالماقتا ئىكەن.

## رەئىس دولقۇن ئىسا تۈركىيەگە كىرگۈزۈلمىدى

تۈركىيە قىرىم خەۋەر ئاگېنتلىقى 18 - ئىيۇل «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئىسا تۈركىيەگە كىرگۈزۈلمىدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئىسا ئەپەندىدىنىڭ تۈركىيەگە كىرىش چەكلىمىسى ئاللىقاچان بىكار قىلىنغانلىقىغا قارىماستىن، ئىلگىرىكى يىللاردىكىگە ئوخشاشلا تۈركىيەگە كىرگۈزۈلمىگەنلىكى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. دولقۇن ئىسا ئۆزىنىڭ تۈركىيەگە كىرەگۈزۈلمەسلىكىگە ختاينىڭ بېسىمى سەۋەب بولغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

## ئۇيغۇرلار ختايغا قايتۇرالماسلىقى كېرەك

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئورگان تور بېتىدىن مەلۇم بولىشىچە، 22 ـ سېنتەبىردىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ـ ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدىن ئىلگىرى ماراكەش دائىرىلىرىنىڭ ئىدرىس ھەسەننى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرمەسلىكى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. ئىدرىس ھەسەن كومپيۇتېر گرافىك لاھىيىلىگۈچىسى بولۇپ، ئۇ تۈركىيەدىكى چېغىدا ئۇيغۇر تىلىدا خاككېرلىق ھەققىدە بىر كىتاب يازغان. 19 ـ ئىيۇل تۈركىيەدىن ماراكەشكە ئۇچۇش سەپىرىدە خىتاينىڭ تەلىپىگە ئاساسەن كاسابلانكا ئايرودرومىدا قولغا ئېلىنغان. خىتاي 2017 ـ يىلى ماراكەش بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمى ئىمزالىغان بولۇپ، بۇ قېتىم ئىدرىس ھەسەننى تېرروررچى دىگەن تۆھمەت بىلەن خىتايغا قايتۇرۇپ ئەكەتمەكچى بولغان. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ماراكەشتە ئىككى ئاي تۇتۇپ تۇرۇلغان ئىدرىس ھەسەننىڭ ئەگەر خىتايغا مەجبۇرىي قايتۇرۇلسا، خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش ۋە ئېغىر قىيىن ـ قىستاققا دۇچار بولۇش خەۋپى بار دەپ قارىغان. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى كىرزىسقا قارشى تۇرۇش ئورگىنىنىڭ دىرىكتورى جوئننى مارىنېرنىڭ (Joanne Mariner) بىلدۈرىشىچە، ماراكەش دائىرىلىرىنىڭ ئىدرىس ھەسەننى خىتايغا قايتۇرۇشى خەلقئارا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق ھېسابلىنىدىكەن.

## مۇسۇلمان تەشكىلاتلار ھىلتون شىركىتىنى بايقۇت قىلدى

دىنىي خەۋەرلەر مۇلازىمىتى تورىنىڭ 23 ـ سىنتەبىردىكى خەۋرىدە دېيىلىشىچە، ئامېرىكادىكى قىرىقتىن ئارتۇق مۇسۇلمانلار تەشكىلاتى ھىلتون شىركىتىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر چېقىۋېتىلگەن مەسچىتنىڭ ئورنىغا مېھمانخانا سېلىش تۈرگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن دۇنيا مىقياسىدا بايقۇت قىلغان. 16 ـ سېنتەبىر ۋاشىڭتوننىڭ سىرتىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، ئامېرىكا ئىسلام مۇناسىۋىتى كېڭەشى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلىشى ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى ھىلتون شىركىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مېھمانخانا سېلىش تۈرىدىن چېكىنىش مۇددىتىگە سەل قارىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە ھىلتون شىركىتىنى بايقۇت قىلغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

ئاۋىستىرالىيە ئىستىراتېگىيىلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى 2017 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇرلانىڭ مەدەنىي مىراسلىرىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا كەم دېگەندە 16 مىڭ مەسچىتنى ۋەيران قىلغان.

## خىتاي شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى باستۇرۇش ئارقىلىق مىليون دوللار كىرىم قىلدى

ۋال كوچىسى ژۇرنىلىنىڭ 24 ـ سىنتەبىردىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ھەرىكىتى جەريانىدا، تۈرلۈك تۆھمەتلەر بىلەن تۈرمىگە تاشلانغان ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ نەچچە ئون مىليون دوللارلىق شەخسىي مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان ۋە مۇسادىرە قىلىنغان مۈلۈكنى كىم ئارتۇق قىلىپ ساتقان. ئاشكارىلىنىشىچە ئاپتونوم رايونلۇق سوت مەھكىمىسى 2019 ـ يىلىدىن باشلاپ ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى، ئۆي مۈلۈكچىلىكى ۋە شىركەت پايچېكى بولۇپ كەم دېگەندە يىگىرمە بىر ئادەمگە تەۋە بولغان 150 مۈلۈكنى كىم ئارتۇق قىلىپ ساتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇمۇمىي قىممىتى 84 مىليون 800 مىڭ دوللار بولغان. خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى تەبىئىي بايلىقلارنى تالان ـ تاراج قىلىپلا قالماستىن بەلكى ئىگىلىك تىكلىگەن، كۆزگە كۆرۈنگەن بايلارغىمۇ ئىپلاس قولىنى سۇنغان ۋە تېررورلۇقنى باھانە قىلىپ ئۇلارنى قولغا ئېلىپ مال مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغان. ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشىنىڭ ئېنىقلىشىچە، بىر قىسىم كىم ئارتۇق سودىسى تۈرلىرىدە «تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە ياردەم بېرىش» نامىدىكى كوللېكتىپ قولغا ئېلىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت ئىكەن.

## كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى خىتاينى ئۇيغۇر ئىقتىساسلىقلىرىنى قويۇپ بېرىشكە چاقىردى

ھىندىستاندا چىقىدىغان WION خەۋەرلەر تورىنىڭ 26 ـ سىنتەبىردىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى پەيشەنبە كۈنى دوكلات ئېلان قىلىپ، مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىلھام توختىنى قويۇپ بېرىشكە چاقىرغان. ئىلھام توختى بېيجىڭدىكى مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىقتىسادشۇناسى بولۇپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى گۇرۇپپىلارنىڭ باراۋەر ھوقۇقتا ئېرىششى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش توغرىسىدا تەكلىپ سۇنغان. كېيىنچە ئىلھام توختى بۆلگۈنچىلىك جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئىلھام توختىنىڭ قىزى جەۋھەر ئىلھامنىڭ ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىغا بىلدۈرۈشىچە، ئائىلىسىدىكىلەر ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىغان.

## جون كېرري خىتايدىكى كىلىمات ئۆزگىرىشى مەسىلىسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى

نيويورك پوچتا گېزىتىنىڭ 23 ـ سىنتەبىردىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكا پرېزىدېنتى بايدېننىڭ كىلىمات مەسىلىسىدىكى ئالاھىدە ۋەكىلى جون كېررى (John Kerry) ئامېرىكا خىتاي بىلەن بولغان

مۇناسىۋەتتە كىلىمات ئۆزگىرىشى مەسىلىسىنى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ھەل قىلىشنىڭ ئالدىغا قويۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. ئۇ چارشەنبە كۈنى بىلۇمبېرگ ئاگېنتلىقىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ تەكىتلەپ، ۋەتىنىمىزنى ۋە ئۆز مەنپەئەتىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرلەش يوللىرىنى تېپىپ چىقىشىمىز، شۇنداقلا دۇنيانىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى ئاۋۋال ھەل قىلىشىمىز كېرەك دېگەن. پارلامېنتتىكى دېموكراتىك رەھبەرلىكمۇ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە كېلىمات ئۆزگىرىشىنى ھەممىدىن مۇھىم مەسىلە دەپ قارىغان. خەۋەردە يەنە بىر قىسىم ئىلغار تەشكىلاتلارنىڭ بايدىن ۋە پارلامېنتنى خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق، ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، كېلىمات مەسىلىسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا چاقىرغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.



سىر جېففېرى نايس

ئۇيغۇر سوت كوللېگىيىسىنىڭ رەئىسى سىر جېففېرى نايس

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival




ئەخلاق بولمىسا ئەركىنلىك، ئېتىقاد بولمىسا ئەخلاق ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.